مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



MIRAS (HERITAGE OF FOLK CULTURE)

# ميراس

美拉斯

2
2014

ISSN 1004-3829
04>
9 771004 382027



ئابدۇكېرىم رەھمان (تولۇق ئىسمى: ئابد-
دۇكېرىم ئابدۇرەھمان) 1941 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ
18 ـ كۈنى قەشقەر شەھرىگە قاراشلىق نەزەرباغ
يېزىسىنىڭ بۈچى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1959 ـ يە-
لىدىن 1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش
پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان.
1984 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە تىل ـ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرى
بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1992 ـ يىلى پروفېس-
سور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1987 ـ يىلى ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تى كەسپى بويىچە ماگىستىر تەربىيەلەش يېتەك-
چىسى بولغان. 1995 ـ يىلى شىنجاڭدىكى تۇنجى
دوكتورانتلار يېتەكچىسى بولۇپ، خەلق ئەدەبى-
ياتى ۋە فولكلور كەسپى بويىچە 35 تىن ئارتۇق
ماگىستىر ۋە 18 نەپەر دوكتور تەربىيەلىگەن.
1989 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە جەمئىي بەش قارار
ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس،
1992 ـ يىلى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن
بەھرىمەن بولىدىغان تۆھپىكار مۇتەخەسسىس
شەرىپىگە ئېرىشكەن. 1964 ـ يىلىدىن تاكى
2011 ـ يىلىغىچە جەمئىي 47 يىل ئالىي مائارىپ
سېپىدە ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ 1 ـ سې-
پىدە خىزمەت قىلىش جەريانىدا مەملىكەتلىك ۋە
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرلىرىدىن ئون چوڭ تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت لۇغىتى»، «جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (ئۈچ
توپلام)، «شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى» قاتارلىق يىرىك تۈر-
لەرنى يېزىشقا ۋە تۈزۈشكە قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» (مۇ-
ھەممەد زۇنۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ)، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» (كوللېكتىپ)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»، «ئە-
دەبىيات ھەققىدە»، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر»، «يىپەك يولى بويىدىكى ئەپ-
سانە ـ رىۋايەتلەر»، «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، «ئۇيغۇر مۇقام پېشۋالىرى»،
«ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچە)، «يىپەك يولىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە نەزەر»،
« 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇر فولكلورى» (تۈركچە)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە مەدەنىيەت تارىخى» (خەن-
زۇچە)، «ئەزىزانە قەشقەر» (ئىككى توملۇق)، «قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «قەشقەر فولكلور مەدەنىيىتى»، «قەشقەر قول
ھۈنەرۋەنچىلىكى»، «قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتى» قاتارلىق نەزەرىيەۋى ئىلمىي ئەسەرلىرى، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»،
«ئۆزبېك خەلق داستانلىرى»، «ئۇيغۇر بېيىتلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، «نۇزۇگۇم»،
«تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت توپلاملىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تۈركچە، رۇسچە ۋە ئىنگلىز تىللىرى-
دا نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، فولكلور، مەدەنىيەتشۇناسلىق، سوتسىيولوگىيە، ئانترو-
پولوگىيە قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت 180 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇسلۇق ئىلمىي
ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى 15 قېتىمدىن ئارتۇق مەملىكەتلىك ۋە
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا مەزكۇرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى
ۋە تۆھپىسى كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ھازىر «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى» ۋە «جۇڭگو
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئارتقۇرۇپ كەلمەكتە.

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2014 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي 142 - سان)


## دەۋر ۋە ئەنئەنە

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە توغرا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرايلى ........................ ماھنۇر ئۆمەر (1)

ئىسلامىيەتنى توغرا تونۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە ياخشى ۋارىسلىق قىلايلى ........................ تۇرسۇن ھېيتەم قارى (4)

چاي مەدەنىيىتىمىز ۋە چايدىن تۇغۇلغان ئويلار .......... نۇرنىسا باقى (8)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئاياللارنىڭ گىرىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ........................ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (12)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرچىلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ........................ ئايگۈل ئابلىز (15)

كىروران شەھىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە كىروران نامى توغرىسىدا ........................ غالىب بارات ئەرك (44)

## ساقلىقىڭ شاھلىقىڭ

ھەكىملىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇزۇقلىنىش ئادىتى - - - ئابدۇقادىر سادىر (19)

## ئايدىڭ كېچىلەر

مۇھەببەت ئىزھارى ........................ (23)

## ئادەت قېرىماس

شاقۇر ۋە شاقۇرلۇقلار ........................ مۇختار تۇردى (26)




نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **نۇرنىسا باقى** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
**Tel: (0991) 4554017**
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
**CN65 - 1130 / I**
خەلقئارالىق نومۇرى:
**ISSN1004 - 3829**
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: **mirasuyghur@126.com**
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: **1130BM**
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: **6500006000040**
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


ئاۋات خەلقىدىكى جەمەت لەقەملىرى ......... بۇخەلچەم ئابدۇۋەلى (34)

خوتەننىڭ قەدىمي قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇسكۇنىلىرى ..................
.................................. مۇھەممەد توختى رەجەپ (تارام) (71)

«كىلتان، قولۇپ» توغرىسىدا ................ ئابدۇكېرىم تۇردى (75)


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


خاتۇشا ............................ مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (32)


## ئەجداد مىراسى — ئەۋلاد جۇلاسى


خۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ۋە فولكلورى ..........................
.................................. ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى (37)


## ئۈنچىلەر تىزمىسى


تەبى بىلەن زۆھرە ........................ مۇختار مۇھەممەد (49)


## ۋەسىقىلەر


قەشقەر تېكىستلىرى ........................ ئابلەت قۇدرەت ھەمراھ (63)


**بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 31 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 31 يىللىق شانلىق تارىخىدا 142 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!**

**بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 31 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!**

**ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!**


**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن**

**تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن**

**كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس**

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: **«چىن تۆمۈر باتۇر»** **مەمەت نۆۋبەتنىڭ مىنياتور رەسىمى**

مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: **باھار كەلدى**

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


社长，总编：
**阿扎提·苏里坦**
教授，博导
副社长，副总编：
**木合塔尔·买买提**
（编审，法人代表）
**本期责任编辑：**
**努尔尼沙·巴克**（副编审）
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**艾孜再木·吐依洪**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E-mail:** mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 - 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standard Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# ئىنسانىي مەدەنىيەتكە توغرا ۋارىسلىق قىلىش، ئىلغار مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرايلى







**ماھنۇر ئۆمەر**

ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن، بۇ تەرەققىيات جەريانى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش، ھايات كەچۈرۈش، ياشاش، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەبىئەتتىن پايدىلىنىش، تەبىئەتنى قوغداش بىلەن ئىپتىدائىيلىقتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زامانىۋىلىققا، بەدەۋىلىكتىن مەدەنىيلىككە تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قىياپىتىنى ياراتتى. بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىيات جەريانى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس سۈپىتىدە ئۆتۈپ، تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى «ئىنسانىيەت ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ يىغىندىسى، مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ تەبىر بەرگەن.

مەدەنىيەت بىر دۆلەتنىڭ جان تومۇرى، بارلىق تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. زامانىمىزدىكى مەدەنىيەتنىڭ رولى ۋە ۋەزىپىسى بولسا — جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كىشىلەرنى نادانلىق، خۇراپاتلىق، قاششاقلىق، نامراتلىق ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەش، ھەر مىللەت خەلقىنى دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغان قىلىش، ھەرقايسى مىللەتلەر پسىخىكىسىدا تەرەققىياتقا، مەدەنىيلىككە تەلپۈنىدىغان ئىلغار روھنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت، شۇنداقلا مەدەنىيەت بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ كىملىكى، ئومۇمىي ساپاسى، تەربىيەلىنىشىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە، ئۇنىۋېرسال كۈچىنى كۆرسىتىدىغان جان تومۇرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىيات جەريانىدا ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتىن ئاممۇىلىققا، ئاممۇى مەدەنىيەتتىن كەسپلەششكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كەسپلەشكەن ھەر خىل كەسپىي مەدەنىيەت- سەنئەت تۈرلىرى بارلىققا كەلگەن.

ئاممۇى مەدەنىيەت ئاساس مەدەنىيەت بولۇپ، ئىنسانلار ياشاش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىش، ئۆز- ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆز- ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئۆز- ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇش جەريانىدا ياراتقان ھەم ئىستىخىيىلىك ھالدا ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس سۈپىتىدە يېتىپ كەلگەن ھەر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كەسپلەشكەن فورمىسىدۇر.

ئاممۇى مەدەنىيەت كىشىلەرگە مەنىۋى زوق ئاتا قىلىش، كۆڭۈل كۆتۈرۈش، ھاردۇق چىقىرىش، روھىي ئوزۇق ئاتا قىلىش بىلەن بىلدۈرمەي تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە ئەقىل- پاراسەت، تەپەككۇر قابىلىيىتى، روھىي خۇشاللىق، ئادىمىيلىك قىممەت قارىشى، ساغلاملىق ۋە مەنىۋى جىسمانىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

كەسپىي مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئاممۇى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىپ، مەلۇم دەۋر ۋە مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە بارلىققا كەلگەن ھەمدە ئاممۇى مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىش، تاۋلىنىش جەريانىدا تاكامۇللىشىپ، تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقى كەسپىي مەدەنىيەت تۈرلىرى شەكىللەنگەن.

ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولسا، ئۇسسۇل — تىل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ ئۇۋۇچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە مەقسەتنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ھەرخىل قول- پۇت بەدەن ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان بولسا، تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى، جىسىملارنىڭ ئۇرۇلۇشى، سوقۇلۇشى، سۈركۈلۈشى، ھايۋانلارنىڭ يۈگۈرگەندىكى تۇياق ئاۋازى، شامالنىڭ جىسىملارغا ئۇرۇلۇشى قاتارلىق ئامىللاردىن مۇزىكا ۋە مۇزىكا رىتىمى پەيدا بولغان. گۈزەل سەنئەتمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە قالدۇرۇش ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن، ھەرقايسى جايلاردا بايقالغان تاغ- تاشلارغا ئويۇلغان قىياتاش رەسىملىرى، بالبال تاشلار، مەڭگۈي تام سۈرەتلىرى تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. دىياردىمىزدىكى دېھقان رەسساملاردىكى گۈزەل سەنئەتكە بولغان ئىشتىياق، قىزىقىش، ئىجادىيەت روھى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز گېڭىدىكى گۈزەل سەنئەتكە بولغان قىزىقىش گۈزەل سەنئەت ماھارىتىنىڭ دەۋرىمىزدە قايتا بىخ ئۇرۇشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى گۈزەل سەنئەتنىڭ داۋامى ۋە قايتا پەيدا بولۇشىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇۋۇچىلىق پائالىيەتلىرى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئوۋ ھايۋانلىرىنى قوغلاپ تۇتۇش، يۈگۈرۈش، سەكرەش، ئېلىشىش تاش بىلەن ئۇرۇش، ئارا بىلەن بېلىق تۇتۇش، ئات، تۆگە، كالا، پىل قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ھازىرقى زامان تەنتەربىيەسىنىڭ ئاساسى بولغان ئاممۇى تەنتەربىيەنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئاممۇى مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ تەربىيەلەش، تەسىرلەندۈرۈش مەقسىتىنى پائالىيەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئاممۇى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن سىرت، مەدەنىيەت ئارقىلىق كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزۈش، بىلىم- ھۈنەر ئۆگىتىش، تەربىيەلەش، مەدەنىيلىككە يېتەكلەش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىنى تونۇتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پائالىيەتكە قاتناشقان ھەمكارلار (ئىشتىن سىرتقى يازغۇچى- شائىرلار، سەنئەت ھەۋەسكارلىرى، تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرى، ھەر خىل قول ھۈنەر ئۇستىلىرى، رەسساملار، كىنو ئارتىسلىرى) ئاممۇى مەدەنىيەت پائالىيىتى جەريانىدا ماھارەت كۆرسىتىش، ئۆزىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە تونۇلىدۇ ھەمدە كەسپىي ئەدەبىيات، مەدەنىيەت- سەنئەت، تەنتەربىيە ئورۇنلىرىنى قابىل ماھارەت ئىگىلىرى بىلەن تولۇقلاپ ماڭىدۇ.

باشقۇرۇش نۇقتىسىدىن ئاممۇى مەدەنىيەت مەدەنىيەتنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ماھىيەتلىك رولى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئاساسى — ئانا مەدەنىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاممۇى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ يىلتىزدىن شاخلانغان مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى — ئەدەبىيات- سەنئەت نەشرىياتچىلىق، كۇتۇپخانا، مەدەنىي يادىكارلىق، قول ھۈنەر، ئۆرپ- ئادەت، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ (ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ) قىممەتلىك بايلىقى، مەۋجۇتلۇقىنىڭ، تەرەققىياتىنىڭ روشەن بەلگىسى سۈپىتىدە مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كەلدى.

ئاممۇى مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجى بويىچە ئەمەلىي رولى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، تەرەققىياتقا

تۇسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتقان پايدىسىز ئىشلارنى تەربىيە ئارقىلىق، تەشۋىق - تەربىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى، كۆرگەزمە ۋە باشقا تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى (بۇلار مەدەنىيەتنىڭ يۇمشاق كۈچى) ئارقىلىق تۈزەش بىلەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تىنچ، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

كۆز ئالدىمىزدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىغا نەزەر سالساق ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پايدىسىز بولغان، ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق، دىنىي ئەسەبىيلىك، قاششاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك ئەھۋاللىرى بىر قىسىم جايلاردا يەنىلا مەۋجۇت، يەنە بىر قىسىم كىشىلەردە شەخسىي تازىلىققا، ئائىلە تازىلىقىغا، مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، گەپ - سۆزدە قوپال بولۇش، شەخسىي ئەخلاق، ئائىلە ئەخلاقى، جەمئىيەت ئەخلاقى، كەسپىي ئەخلاققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ياشاش جەريانىدا شەكىللىنىپ قالغان قالاق تۇرمۇش ئادىتى، ھورۇنلۇق قىلىش، تەقدىرچىلىك ئىدىيەسى قاتارلىق خاھىشلار خۇددى كىشىلەر ياشاش جەريانىدا مۇشۇنداق شەكىللىنىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەندەك بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق كېتىۋېرىدىغاندەك كۆرۈنگەن بۇ ئەھۋاللار ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ، ئائىلە ۋە شەخسنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئادىمىلىك قىممەتكە، ئىدىيەۋى تونۇشقا مۇناسىۋەتلىك تۈزەتمىسە بولمايدىغان بىر خىل پاسسىپ ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدە نامايان بولۇپ تۇرماقتا.

زامانىمىزدىكى ئۇچۇر ئالاقە ئىشلىرى راۋاجلىنىپ كەتكەن شارائىتتا مەدەنىيەتلەر ئارا رىقابەت، خىرىس، تالىشىش، قوبۇل قىلىش، چەتكە قېقىش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە شەكلى مەدەنىيەتكە ئوخشايدىغان ماھىيەتتە تەرەققىياتقا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىغا پايدىسىز بولغان غەيرىي نەرسىلەرمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، سەھنىلەردە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، توي - تۆكۈن پائالىيەتلىرىدە سادىر بولۇۋاتقان يات غەيرىي - ئىشلار، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزگە يات بولغان غەيرىي كىيىنىشلەر (ھىجاپلىنىشقا ئوخشاش) مىللىي مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ شانلىق ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە. بۇ بىر خىل مەدەنىيەتتە چېكىنىش، مەنىۋى ۋە پسىخىك جەھەتتىكى نامراتلىقنىڭ قايمۇقۇشنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋاللارنى مەدەنىيەت تەربىيەسى ئارقىلىق تەدرىجىي تۈزەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت تەربىيەسى بۇيرۇق ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە بولماستىن، بەلكى ئەدەبىيات، مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، ئادەم تەربىيەلەش ئارقىلىق بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى، ئادىمىيلىك قىممەت قارىشىنى توغرىلاپ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا زامانىۋىلىشىشقا ماسلىشالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. مەدەنىيەت تەربىيەسى ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ ئۇزاق مۇددەت، ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي تەربىيە ئىشى بولۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەۋلادلىرىنى تارىختىن تارتىپ تۈرلۈك ئەنئەنىۋى، مىللىي مەدەنىيەت ئارقىلىق تەربىيەلەپ كەلگەن. زامانىمىزغا كەلگەندە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات، مەدەنىيەت - سەنئەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، گۈزەل ئەخلاق، ئادىمىيلىك پەزىلەت بىلەن تەربىيەلەپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت تەربىيەسىنى ھازىرقى زامان تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپى دېھقانلار ۋە ئاۋام خەلقنى تەربىيەلەپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر تەربىيەلەش ۋاستىسى، ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت كەسپىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جەمئىيەتنى مەدەنىيلىككە يېتەكلەش يالغۇز مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭلا ۋەزىپىسى بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئىشىدۇر. چۈنكى بىر يېزا، بىر شەھەر ۋە بىر دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى، تىنچ - ئاسايىشلىقى، سىياسىي تەدبىرنىڭ توغرىلىقى، ئىقتىسادنىڭ توغرا تەقسىملىنىشى، قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئىزچىللىشىشىدىن باشقا خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەتنىڭ يۇمشاق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرگە ئىجتىمائىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئۇنۇمى ئاستا - ئاستا كۆرۈنىدىغان ئۇزاق مۇددەت ئېلىپ بېرىلىدىغان مەدەنىيەت تەربىيەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

# ئىسلامىيەتنى توغرا تونۇپ، ئۇنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە ياخشى ۋارىسلىق قىلايلى



تۇرسۇن ھېيتەم قارى

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، دەۋر ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ بەختىيارلىقى ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، كىمكى دەۋر دولقۇنىغا ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماسلاشماي بىر ئىزدا توختىۋالسا، قارشى تۇرسا، ئالغا ئىنتىلمىسە ئۇ تارىخ چاقى ئاستىدا ھالاك بولىدۇ. تارىخنىڭ، زامان تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك دانىشمەن ئالىملىرى بۇ نۇقتىنى ياخشى بىلگەچكە كىشىلەرنى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ۋە دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ماسلىشىشنى؛ ئاللا تائالانىڭ رازى بولىدىغان يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەشنى قايتا-قايتا تەۋسىيە قىلغان، خەتەرلىك، بىدئەت يوللاردىن ئاگاھلاندۇرغان. ئېتىقاد پەقەت ئېغىزدىلا ياكى ھېسسىي بىلىش ئۈستىدىلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشى، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولۇشى كېرەك. ئىسلام دىنى روھىي دۇنيا بىلەن ماددىي دۇنيانى ئالاقىلەشتۈرۈشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ زاھىتلىقنى (تەركىدۇنيالىقنى) تەشەببۇس قىلمايدۇ، بەلكى كىشىلەرنى پائال ئالغا ئىنتىلىشكە، ئىككى دۇنيالىقى ئۈچۈن تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت كۆز قارىشىمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىدىيە جەھەتتە ئىككى ئالەم مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئەتراپلىق، توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئاللاتائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ۋە ئۈمىد قىلغان ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەل ئەخلاق، ئىنساپ-دىيانەت... قاتارلىق گۈزەللىكلىرىنى ئۆز ھەرىكىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن ئەقىل-پاراسەت ۋە تەپەككۇر جەھەتتىمۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىپ تىرىشىشى لازىم.

ئىسلام دىنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، مۇتەئەسسىپلىك ۋە خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىدىغان

تەرەققىيپەرۋەر دىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار گۈزەل
ھاياتنى ئاكتىپ ئىزدەپ، ئىككىلا تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ،
يۈكسەك پەزىلەتلىك مۆئمىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشى
لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن چىن ئېتىقاد، توغرا تەپەككۇر
كېرەك. ھازىر بىز بۇ يولدىن چەتنەپ كەتتۇق، بىدئەت
ئەمەللەرنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈۋالدۇق. باشقا-باشقا
پىرقىلەرگە بۆلۈنۈۋالدۇق. ئاللا قۇرئاندا: «ئى مۆمىنلەر!
ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار،
ئايرىلماڭلار!» (ئال ئىمران سۈرىسى 103-ئايەت)
دېگەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزىمىزنىڭ قايسى مەزھەپتە-
كى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلمەي، غەيرىي مەزھەپ-
تىكىلەرنىڭ يولىغا كىرىپ كەتتۇق. دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ
ئالىم، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس
شەرىفلەرگە توغرا مەنە بەرمەي، بىرەلمەي ئۆز خاھ-
شى بويىچە ئۆزى بىلگەنچە مەنە بەرگەنلىكتىن ئىسلام دى-
نىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار قايمۇقۇپ گاڭگىراپ
قالدى، ئېزىقتى، ھەتتا بىر قىسىملىرى ئىسلام دىنىدىن
چېكىنىپ باشقا دىنلارغا كىرىپ كەتكەن ئەھۋاللار كۆرۈ-
لۈۋاتىدۇ.

«ھەدىس شەرىف»تە رەسۇلۇللا: «ئالىملار ئاللاتائا-
لانىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك (ئەمىن) بەندى-
لىرىدۇر» دېگەن. شۇڭا ئالىملىرىمىز بۇ شەرەپلىك نامىغا
ئېرىشىشى ئۈچۈن دىنىي ۋە ئىلمىي جەھەتلەردە گۇمانلىق
مەسىلىلەر كۆرۈلگەندە، ئۆزىنىڭ قارشى ياكى تەقلىد
بىلەن ئەمەس، بەلكى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ
تەلىپىگە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە ئۈممەتنىڭ
ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىدىغان، ئۈزۈلە-
دىغان ئايرىمچىلىققا ۋە ئىتتىپاقسىزلىقلارغا يول قويماسلى-
قى، مىللەتنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. ئاللا
قۇرئاندا: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا
دەۋەت قىلىدىغان ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىش-
لارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائەت بولسۇن، ئەنە شۇلار
مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (ئال ئىمران سۈرىسى
104-ئايەت) دېگەن. پەيغەمبىرىمىز: «كىمكى ھەر ۋاقىت
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، ئۇ كىشى
ئۇلاردىن ئەمەس (مۇسۇلمان ئەمەس)» («سەھىھ ھەدىس-
لەر» 221-بەت) دېگەن.

ئالىملىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتى ۋە مەسئۇلى-
يىتى، تەشۋىقاتى كۈچلۈك بولمىغاچقا، بىر قىسىم مۇسۇل-
مان ياشلىرىمىز ئۆزىگە ۋاھابى ئىدىيەسىنى ئۆزلەشتۈرۈ-
ۋېلىپ، ئاتا-بوۋىمىز توغرا دەپ يول تۇتۇپ كەلگەن
سۈننىي مەزھىپىنىڭ يولىدىن چەتنەپ كېتىۋاتىدۇ، يېڭى
پىرقە پەيدا قىلىۋاتىدۇ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ،
سۈننىي مەزھىپىنىڭ يولى ئىنتايىن توغرا، ئادىل يولدۇر.
شۇڭا دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار سۈننىي
مەزھەپكە تەۋە. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ تۇركۇم كىشىلەر
نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ ؟!...

بىر قىسىم ياشلار ئىسلامىيەتنى توغرا چۈشەنمىگەچ-
كە، بىلىپ بىلمەي ھالال-ھارامنى ئايرىماي ئىسلامىيەتكە
زىت يوللاردا مېڭىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىلىم-پەننى تاشلاپ،
ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە مىللەتنىڭ كېلەچە-
كى ھەققىدە ئويلانمايۋاتىدۇ. تالانتى بولمىسىمۇ سەنئەت
كوچىسىغا قىستىلىپ كىرىۋېلىپ، ناخشا-ئۇسسۇلنى، ھەزىل-
چاقچاقنى چاكىنىلاشتۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭ ئەكسى-
چە، ھازىر بىر قىسىم جايلاردا (بولۇپمۇ يېزىلاردا) مىللىي
ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە، ئۆرپ-ئادىتىمىزگە خىلاپ
ھالدا توي-تۆكۈنلەردىمۇ ناخشا ئېيتمايدىغان، ئۇسسۇل
ئوينىمايدىغان، ساز-مۇزىكا چالمايدىغان، ئويۇن-تاماشا
بولماي قىز كۆچۈرىدىغان «غەيرىي توي» ئادەتلىرى شە-
كىللىنىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى مۇشۇنداق دىنمۇ ؟ ياق!...

ئىسلام دىنى ئەمەلىي دىندۇر. ئۇ خىيال ئاسمىنىدا
ئۈچۈپ يۈرمەستىن، بەلكى ئىنسان بىلەن بىللە ھەقىقەت
ۋە ئەمەلىيەت زېمىنىغا دەسسەپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانلارغا
قاناتلىق پەرىشتىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى
يەپ-ئىچىپ، كوچىلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان ئادىمىزات
دەپ تونۇغان ھالدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاللاتائالا ئىنساننى
يەپ-ئىچىدىغان قىلىپ ياراتقاندەك ئۇلارنى ھېسسىيات-
لىق، گۈزەللىككە، ناخشا-ئۇسسۇلغا، ئويۇن-تاماشىغا ھې-
رىسمەن قىلىپ ياراتقان. لېكىن بۇ چەكسىز ئەمەس،
بەلكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، جانلىق ۋە ئەمەلىي بولغان
چەك دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىسلام
دىنى بۇ چەككە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، ئەمەل قىلىدۇ
ۋە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى مۇكەممەل بىر ئىنسان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۈلگە ئىدى. ئۇ زات ھەقتە چىڭ تۇرۇشتا ئائىلاتائالادىن باشقىسىغا پەرۋا قىلمايتتى. لېكىن تۇرمۇش ۋە كىشىلەر بىلەن بىللە بولغاندا ئوبدان نەرسىلەرنى ياقتۇرىدىغان، ئوچۇق چىراي، تەبەسسۇم قىلىدىغان، ئوينىشىپ چاقچاقلىشىدىغان، ئەمما چاقچىقىدىمۇ ھەقتىن باشقىنى دېمەيدىغان، ناخشا-ئۇسسۇلنى ياقتۇرىدىغان ئىنسان ئىدى. «مەنمۇ ئويۇن چاقچاق قىلىمەن، لېكىن ھەق گەپنى قىلىمەن» («سەھىھ ھەدىسلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل 172-ھەدىس، 48-بەت)

ناخشا-ئۇسسۇل، ساز توغرىسىدا رەسۇلۇللانىڭ كۆپ رىۋايەتلىرى بار: بىر كۈنى رەسۇلۇللا سىرتتىن ئۆيگە كېلىپ قارىسا خوتۇنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يوق تۇرغۇدەك. سىرتقا چىقىپ قاراپ تۇرسا يىراقتىن بىر توپ قىزلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئائىشە مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ. دېگەندەك قىزلار توپى رەسۇلۇللاغا يېقىن كەلگەندە ئائىشە توپتىن چىقىپ، رەسۇلۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «يا رەسۇلۇللا! مېنى ئىزدىگەنمىدىلە؟» دەپ سوراپتۇ.

«شۇنداق» دەپتۇ رەسۇلۇللا. ئائىشە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ: «يۇقىرىقى مەھەللىدە پالانچى ساھابىنىڭ قىزىنىڭ تويى بولغانىدى، شۇ قىزنى كۆچۈرۈپ كېتىپ باردىمىز!» دەپتۇ. رەسۇلۇللا : «ئى ئائىشە! بۇنداقمۇ توي بولامدۇ؟ قېنى بۇ تويىنىڭ داقا-دۇمباق، نەغمە-ناۋاسى، بۇنداق جىمجىتلا توي كۆچۈرسەڭلار خەلق ئىچىدە پىتنە بولمامدۇ؟!» دېگەن.

يەنە بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۇغقانلىرىنىڭ بىرى قىزىنى ئەنسارلارغا ياتلىق قىلغان، رەسۇلۇللا ئۇلاردىن : «قىزنى يۆتكىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇلار: «ھەئە!» دەپ جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللا: «قىز بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىدىغانلارنى ئېلىپ باردىڭلارمۇ» دېگەندە ئۇلار: «ياق!» دېيىشكەن. بۇنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللا: «ئەنسارلار ناخشىغا ئامراق خەلق ئەمەسمۇ!» دېگەن.

رەسۇلۇللا خوتۇنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئويۇن بولۇۋاتقان جايغا ئۆزى ئاپىرىپ ئۇ بولدى دېگۈچە يېنىدا ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى...

دېمەك، ئىسلام دىنى ناخشا-ئۇسسۇلغا، داقا، دۇمباق، نەغمە-ناۋاغا قارشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز يولىدا بولۇشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمما ناخشا-ئۇسسۇلدا كىشىنىڭ جىنسىي ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان، ئەدەپ-ئەخلاقنى بۇزىدىغان، شەرم-ھايانى تونۇمايدىغان، مەيخورلۇق، قىمارۋازلىق، زىناخورلۇق ۋە باشقا ناچار ئىللەتلەرنى ياقلايدىغان، تەرغىب قىلىدىغان مەزمۇنلار بولسا ئىسلام دىنىغا زىتتۇر. بۇ خىل ئەھۋاللارغا قارىتا ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنى: «ھارام»، «مەكرۇھ»، «مۇباھ» دەپ بىر قانچە كۆز قاراشلاردا شەرھلىگەن. مانا مۇشۇنداق بىر قىسىم ناخشىلارنىڭ ھاراملىقىنى قەيت قىلىشقان. ناخشا ئەسلي ھالال بولسىمۇ، ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ھارام دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ. لېكىن توي-تۆكۈن، ھېيت-بايرام، ئەمگەك مەيدانى، سەپەردىن قايتقان، زىيارەت قىلغان خۇشاللىق كۈنلەردە ناخشا ئېيتىش، نەغمە-ناۋا قىلىش مۇستەھەپ (يەنى قىلسا بولىدىغان) ئەمەللەردىندۇر.

ئىسلامىيەتكە بولغان تونۇشىمىز ۋە چۈشەنچىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە ئۆرپ-ئادەتىمىزگە خىرىس پەيدا قىلىۋاتىدۇ، بىزنى غەمگە سېلىۋاتىدۇ. غەيرىيلەرنىڭ دىنىمىزغا توغرا كەلمەيدىغان غەيرىي مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنى، بولۇپمۇ ياش ئوغۇل-قىزلىرىمىزنى مەستانە دورامچىلىققا غەرق قىلىۋاتىدۇ. ئەزەلدىن ئۇزۇن چاچلىرىنى ئۇششاق، چىرايلىق قىلىپ ئۆرۈۋېلىپ، بېشىغا رەڭدار ياغلىق تېڭىپ يۈرىدىغان گۈزەل قىزلىرىمىز بىر بولسا ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىپ، ئەرلەردەك قىسقا چاچ قويۇۋالىدىغان، بىر بولسا، باش كۆزىنى تېڭىپ ھىجاپلىنىدىغان بولۇۋالدى. ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئەرلەردەك بولۇۋېلىشىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز: «ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا، ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە ئاللا لەنەت قىلسۇن» («سەھىھ ھەدىسلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 122-بەت) دېگەن. شۇنداقلا بىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزمۇ، ئۆرپ-ئادىتىمىزمۇ ياشاش شارائىتىمىز، مۇھىتىمىزمۇ گۈزەل، بەرنا قىزلىرىمىزنىڭ

ئەرەپ چۆللىرىگە كىتشنى، كونىلىق پاتقىقىغا پىتىپ قىلشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ھەر مىللەتنىڭ كىيىم - كېچەكنى ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتى، مۇھىتى بەلگىلىگەن. سىبىرىيەدە كىيگەن كىيىمنى جەنۇبىي شىنجاڭدا كىيگىلى بولمايدۇ، خۇددى شۇنداقلا قۇم - بورانلىق، توپا - چاڭلىق، قۇرغاق بولغان ئەرەب خوتۇن - قىزلىرىنىڭ كىيىمنى مۆتىدىل ھاۋالىق، پاكىز دىيارىمىزدا كىيگىلى بولامدۇ ؟!...

ئەگەر خوتۇن- قىزلارنىڭ ھىجابلىنىۋېلىشى ئىسلام شەرئىتى بولسا ئەرەبىستانغا يېقىن ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى مىسىر، تۇنىس، تۈركىيە... قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خوتۇن- قىزلىرىمۇ يۈز- كۆزىنى تېڭىپ ھىجابلىنىۋالسا بولاتتى !...

بىز ئۇيغۇر، ئەرەب ئەمەس!!! ئەگەر ئەرەب بولۇشنى خالىسىڭىز قانۇنىي جەھەتتىن سالاھىيەتكە ئېرىشىڭ. چۈنكى: «كىمكى ئۆزىنى بىر مىللەتكە ئوخشاتسا، ئۇ كىشى شۇ مىللەتتىن ھېسابلىنىدۇ» ①.

ئۇنداق بولمايدىكەن ھەر بىر ئۇيغۇر ئەركەك زاتىنىڭ، ھەر بىر ئۇيغۇر ئايال زاتىنىڭ، ھەر بىر ئۇيغۇر يىگىت- قىزنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ- ئادىتىنى، ئەنئەنىسىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار. بىر مىللەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، يوقىلىشى، پارچىلىنىشى ئۇنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد يىلتىز تارتىپ مۇستەھكەملەنگەن مەدەنىيىتىنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. «دەرەخنىي كۆكلەتكىنى يىلتىز، گۈزەل كۆرسەتكىنى يوپۇرماق»دۇر. ئىنشائاللا بىزنىڭ مۇستەھكەم، چىرىماس يىلتىزىمىز بار. (««شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2006- يىل 3- سان «تەپەككۇر ئۇنچىلىرى»»دىن) شۇڭا بىز چىرىماس يىلتىزىمىز بولغان ئىسلامىيەتكە چىڭ يېپىشىپ ۋە ئۇنى توغرا تونۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى توغرا راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: غۇلجا شەھەر ئازاد يولىدا)

① سونەن ئىبنى داۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىس «جامىيول كەلىمە شەرھ» 658- بەت.

# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بولغۇنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# چاي مەدەنىيىتى ۋە چايدىن تۇغۇلغان ئويلار

نۇرنىسا باقى

چاي ۋە چاي مەدەنىيىتى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ھەم ئىستېمالنى، ھەم بىر خىل مەدەنىيەتنى بىلدۈرىدىغان قوش قاتلاملىق ئۇقۇم. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر، ئىرق، قوۋملار چاينى ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلىدۇ ۋە بىرخىل مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئەتىۋارلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، قائىدە-يوسۇنلۇق مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى ياراتقان ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا قويۇق چاي مەدەنىيىتىنىمۇ ياراتقان خەلق. چاي دېگەن بۇ سۆز لۇغەت مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەم ئىچىدىغان چاينى، يەنى تۆجۈپلەپ دەملەنگەن چاينى، ھەم تېخى خام ھالەتتىكى چاي ماتېرىيالىنى ئىزاھلايدۇ. چاي ماتېرىيالى بىلەن دەملىنىپ تەييار بولغان چاي ئادەتتىكى ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن تەييارلانغان چاينى كۆرسىتىدۇ. خام ھالەتتىكى چاي دەرەخلىرىنىڭ ياپراق، گۈل-غۇنچىلىرىدىن تەييارلانغان چاي خام ماتېرىيالىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق دەۋرلەرگە بېرىپ تۇتۇشىدىغان تارىخي مۇساپىسىدە چاينى قانداقتۇر بىر ئۇسسۇزلۇقنى باسىدىغان، جىسمانىيەتكە مەنپەئەت قىلىدىغان ئىستېمال بۇيۇمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى بىر مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ئەلدۇر. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەممە ئۆيدە چاي بولىدۇ. بىزدە ھەممە ئادەم كۈنىگە مۇۋاپىق مىقداردا چاي ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ يەردىكى چاي ئىنسانلار ئۆزىنىڭ جىسمانىيىتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۇسسۇزلۇق ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئىستېمال قىلىدىغان چاي ئۇقۇمىنى كۆرسىتىدۇ.

چاي دېگەن سۆزنىڭ مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا نەزەر سالساق، بۇ چاي ئۇقۇمى مەنە، مەزمۇن جەھەتتە ئۇسسۇزلۇقنى كۆرسىتىدىغان چايغا قارىغاندىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ كەڭ. ئۇيغۇرلاردا «بىر پىيالە چېيىم بار ئىدى»،

«ئۆزلىرىنى بىر پىيالە چېيىمىزغا تەكلىپ قىلدۇق»،
«تويغا چولڭ چاي، كىچىك چاي ئەكىردۇق»، «تۇز-
تائام ـــ چاينىڭ ھۆرمىتى» دېگەندەك سۆزلەر دائىم ئېي-
تىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار يۇرتلىرىدا ئەل-
مىساقتىن تارتىپ چايخانىلار بولغان. ھەرقايسى يۇرتلاردا
داڭلىق چايخانىلار ھېلىھەم ساقلانماقتا ھەم راۋاجلانماقتا.
دوستلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار، ئەل-ئاغىنىلەر ئۆزىنىڭ
كۆڭلىنى بۇ يەردە ئىزھار قىلىشىدۇ. ئۆزئارا پىكىر ئالماش-
تۇرۇپ مەنۋىيىتىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ھارغىنلىقنى چىقى-
رىشىدۇ، ئەقىل تاپىدۇ ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ.
دېمەك، چاي ئۇقۇمى ئادەتتىكى ماددىي نەرسىنىڭ ئىسمى
ياكى ئۇسسۇزلۇق ئاتالغۇسى بولۇشتىن ھالقىپ مەنىۋى پا-
ئالىيەت شەكلىدە زاھىر بولىدۇ. بىز پەقەت چاينىڭ مەدە-
نىيەت ئۇقۇمىنىلا سۆزلىمەكچى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن دەم-
لەنگەن چاي ياكى چاي ماتېرىيالىنىڭ تۈرى، شەكلى،
رەڭگى، تەمى، تەبىئىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي تېبابەتكە
ئائىت مەزمۇنلارنى بۇ يەردە تەلقىن قىلىپ ئولتۇرمايمىز.
بۇ ھەقتىكى گەپلەر تېبابەتكە ئائىت مەسىلىدۇر. بىزنىڭ
دېمەكچى بولغىنىمىز مەدەنىيەت ئۇقۇمى، يەنى چاينىڭ مە-
دەنىيەت ئۇقۇمى يەنى بىز چاينىڭ ئىجتىمائىيەتتە ئوينىي-
دىغان ئىجابىي رولىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئۇيغۇرلاردا ئارازلى-
شىپ قالغانلارنى ياخشىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جارىستاندا
جامائەت ئالدىدا ئاداۋەتخور كىشىلەرگە چاي قويۇپ ياخ-
شىلاشتۇرىدىغان ئىش بار. بىرەر ئادەم بىرسىنىڭ كۆڭلى-
نى ئاغرىتقان، ئورۇنسىز ئازار بېرىپ قويغان، شۇ تۇپەيلى-
دىن ۋىجدانى ۋە ھېسسىي جەھەتتە، ئەخلاقىي جەھەتتە
ئازابلىنىپ قالسا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغۇچىغا چاي تۇتىدى-
غان، چاي قويۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىدىغان گۈزەل
ئادەت بار. مانا بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت كاتېگورىيەسى ئە-
چىدە چاينىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرىدىغان ئازغىنا
ئاددىي مىسالدۇر.

نۆۋەتتە تۈرلۈك چاي پائالىيەتلىرى ۋە بۇنىڭغا ئە-
گىشىپ چاي مەدەنىيىتى باھاردىكى بىخلاردەك تەرەققىي
قىلدى. بىر قارىسا بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. يەنى بۇ
چايلاردا كىشىلەر روھىي جەھەتتە تەسەللى تاپىدۇ. ئۆز
ئارا بىر-بىرىگە ياردەم ئەھدىسى قىلىشىدۇ. ئۆزئارا مۇڭ-
دىشىپ، دۇچ كەلگەن ئىشلارنى بار مەسلىھەت كېڭىشىدۇ
ۋە ئورتاق ھەل قىلىدۇ. كۆڭۈلنىڭ شادلىق تۇيغۇلىرىنى
ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشىدۇ، شۇنداقلا ئىناقلىق، ئۆملۈك،
ئۇيۇشقاقلىق رىشتىنى چىڭىتىدۇ. مۇشۇ جەھەتلەردە چاي
ۋە تۈرلۈك چاي پائالىيەتلىرىنىڭ، چايخانىلارنىڭ ئەھمىيە-
تى ناھايىتى زور. بولۇپمۇ ياشانغانلار خىلمۇخىل سەۋەب-
لەر تۈپەيلى ئۆزىنىڭ دوست
ئەقرا باللىرىنى-يېقىنلىرىنى
ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىزدەپ كۆ-
رۈشۈپ بولالمايدۇ. مەنچە
ئۇلارغا ئۆزئارا پات-پات
كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان شارا-
ئىت يارىتىپ بېرىش
كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا
مۇڭدىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ سا-
لامەتلىك ئەھۋاللىرىنى دېيى-
شىش ئارقىلىق ئۆزئارا تەج-
رىبە توپلايدۇ. نېمىنىڭ سا-
لامەتلىككە زىيانلىق، نېمە-
نىڭ تەنگە پايدىلىق ئىكەنلى-
كىنى بىلىۋالىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە



www.uyghurkitap.com





ئۇلار جەمئىيەت ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. قايسى ئىشلارنىڭ مۇۋاپىق، قايسى ئىشلارنىڭ نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىشىدۇ. بۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارنى ساقلاش ۋە سالامەتلىك، دوستلۇق ۋە روھىي تەشنالىقنى قاندۇرۇش جەھەتتە پايدىسىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئىجابىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان چاي پائالىيەتلىرىنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى، بۇ خىل ئىلغار ئىدىيەلىك پىكىرلەرگە تولغان چاي پائالىيىتى جەمئىيەتنى يېتەكلەيدۇ، جەمئىيەتتە ئۇيۇلتاش، يىلتىزداش، پىكىرداش كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلار سۆھبەت بىلەن، پاراڭلىشىپ، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، چۈشەندۈرۈش، بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش بىلەن ياردەم ۋە خەيرخاھلىق بىلەن ھەل بولىدۇ. ھاياتتىكى تالاي ۋەقەلەر ئۆلۈم-يېتىم، توي-تۆكۈننىڭ مەسلىھەتلىرى مۇشۇ چايلاردا پىشىدۇ، مۇشۇنداق چايلار ئارقىلىق مەقسەت روياپقا چىقىدۇ.

ھازىر كۆپ قىسىم چايلىرىمىز ئىجابىي رول ئوينىماقتا. بارا-بارا ناچار ئادەتلىرىمىزنى تاشلاپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خاھىشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىغا تۈرتكە بولماقتا. نۇرغۇن خەير-ساخاۋەت، تەربىيە پائالىيەتلىرى، ئەمەلىي ياردەم، ئىقتىسادىي ياردەم پائالىيەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشىمۇ مۇشۇنداق چايلارغا باغلانماقتا. مەسىلەن، جەمئىيىتىمىزدىكى ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا ياردەم قىلىش، كېسەللەرنى يوقلاش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەش، نامرات-قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە خالىس ياردەم قىلىشتەك پائالىيەتلەر، يەنە بەزى زىيالىيلىرىمىزنىڭ چاي يىغىلىشلىرىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، يېڭىدىن يېڭى تەپەككۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىشلىرىمۇ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتىدۇ.

بىز ئۇيغۇر خەلقى مېھماندوست خەلق، چاي، مەشرەپلەرسىز ھاياتىمىز خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا بىز مۇشۇ ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىقنى ئاساس قىلغان ئادەتلىرىمىزنى قەدىرلىشىمىز ۋە تۇرمۇشىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ھەممىمىز تىرىشىشىمىز كېرەك.

دېمەكچىمەنكى، ئىجابىيلىقتا، ئىلغار مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان بۇنداق چاي پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك ئەلۋەتتە. لېكىن شۇنىمۇ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە «قاتار چاي» دەيدىغان بىر خىل چاي بارلىققا كەلدى. بۇ خىل «قاتار چاي»نىڭ تەسىرىنى ھەم ئىجابىي ھەم سەلبىي جەھەتتىن كۆرمەكتىمىز. ئىجابىي تەرىپى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزئارا سېغىنىش، كۆڭۈل ئىزھار قىلىش، ئىشلارنى كېڭىشىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ياخشى ئادەتلەرگە ۋارىسلىق قىلغان بولسا، سەلبىي تەرىپى ھازىر بىر بۆلۈك چايلار زورمۇزور، بىر خىل شەكىلۋازلىق، بىر خىل رەسمىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ھەتتا بۇ چايلار مۇئەييەن ئىقتىساد — پۇلغا باغلانغان بولۇپ، بىر تۈرلۈك سىپايە زورلاش كۈچىگە ئىگە. كىشىلەر خالاپ-خالىماي، بىلىپ-بىلمەي «قاتار چاي»نىڭ يوشۇرۇن زورلىشى بىلەن بىر چاي توپىغا ئىشتىراك قىلىۋاتىدۇ. «قاتار چاي»چى ئۆزى مەجبۇرىي ھالدا نۆۋىتىدىكى چاينى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. «قاتار چاي» ساھىبلىرى چاي ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن نۆۋەتتە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشى، مۇھىم پائالىيىتى، شۇ چايغا بېرىش. شۇ كۈنى قىلمىسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەتلىرى بولسىمۇ باشقىلارنىڭ تاپا-تەنىسى، كىنايە گەپ-سۆزىدىن، ئۆزى بولمىغان سورۇندا ئۆزى ھەققىدە ياخشى-يامان گەپلەرنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قاتنىشىشقا مەجبۇرلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، خىزمەتداشلار چېيى، يۇرتلۇقلار چېيى، ساۋاقداشلار چېيى، دوستلار چېيى، ئەر-ئايال چاي دەپ بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان چايلار بارا-بارا ئەرلەرنىمۇ بۇ

سورۇنغا سۆرەپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىلىپ - بىلمەي بىر ئائىلە بىر ئايدا تۆت - بەش چايلىق بولۇپ قالدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئائىلىنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بۇزۇلۇپ باللارغا قارىيالمايدىغان، ئەر - ئاياللار مۇڭدىشالمايدىغان چاي گېپىدىن باشقا گەپ بولمىغان، باللار ئۈچۈن بىر بىزارلىق تۇرمۇش شەكىللىندۇ. بەزى كۈنلىرى ئىككى - ئۈچ چاينىڭ بىراقلا خەۋىرى كېلىپ، تېخىمۇ ۋاقىت قىسنچىلىقى پەيدا قىلىپ يېتىشەلمەيلا قالىدىغان ئەھۋاللار بار. بىمەنە ۋە ئېسىل ئادەتلەرگە مۇخالىپ تەرىپى شۇكى، بۇ «قاتار چاي» قانداقتۇر بىر خىل ئىختىيارلىقنى، كۆڭۈل خاھىشنى، خالىسلىقنى مەقسەت قىلماي، بەلكى كۆڭۈلسىز مەجبۇرىيەتنى، زورلاش كۈچىنى ئۆزىنىڭ تۈرتكىسى قىلىۋالغان. بۇ بىرى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، ئىقتىسادىي ئىسراپچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل ئادەت ھەر ئادەمگە زۆرۈر ئىشلىرىغا بولغان پۇتلىكاشاڭلىق كەلتۈرىدۇ. ئائىلىسىدە كۆڭۈلسىزلىك، ئازارلىق، نارازىلىق، ھەتتا ئاداۋەتلىك كەيپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈردۇ. شۇڭا مۇنداق «قاتار چاي»نى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. ئەلۋەتتە زۆرۈر بولغان، كۆڭۈل خالىغان چايلارنى ئۆتكۈزۈش، چايغا چىللاش، ھەمدەملىك، مېھماندوستلۇق خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، بۇنىڭغا توغرا ۋارىسلىق قىلىش لازىم.

قويۇق مەدەنىيەت تۈسنى ئالغان، ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن چاي ئادەتلىرىدە بىر خىل گۈزەللىك ساقلانغان. ئۇنىڭدا بىر خىل ئىناق - ئىتتىپاقلىق، خاتىرجەملىك، تەقەززاسى، تەلىم - تەربىيە، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئائىلە ئاسايىشلىقى، جەمئىيەت ئەخلاقى قاتارلىق ئېزگۈلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كېيىنكى ۋاقىتتا بۇ قاتارلىشىپ كېلىدىغان چايلىرىمىزنىڭ سۈپىتىدە، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدە نامۇۋاپىق قىلىقلار، خەتەرلىك ئۆسمىلەر مەيدانغا كەلدى. ھەتتا بۇ خىل چايلار مەنمەنلىك قىلىدىغان، نامۇۋاپىق بەسلىشىدىغان، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان، غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە - پاسات تارقىتىدىغان ئۇۋۇغا ئايلىنىپ قالدى.

دېمەك، جەمئىيىتىمىزدىكى بۇ خىل چاي پائالىيەتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش، قانداق ئىجابىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈر بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

دېمەك، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان چاينى پەقەت ئىستېمال سۈپىتىدە، جىسمانىيەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن قوبۇل قىلىپلا قالماي، ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش داۋامىدا مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىل خاھىشى، رايى، مۇھەببەتلىك كۆڭلى، قان - قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن گۈزەل ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىمىز. ئۇنى ئەل - بۇرادەرلىك، يېقىنچىلىقى بىلەن پاكىز، خالىس، ئېلىپ بارغان چايلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت يالدامىسى دەپ تونۇشىمىز، ئۇنىڭغا ئىجابىي توغرا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە نۆۋەتتىكى چاي پائالىيەتلىرىمىزنىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىشىمىز. زۆرۈر بولمىغان ئەھمىيەتسىز، چاكىنا، مودا قوغلىشىدىغان چايلارنى توختىتىشىمىز، ھەرقانداق بىر ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار تەرەپلىرى ۋە ئانچە ئىلغار بولمىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. دۇنيا ئىلغارلىقىنى بويلاپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدۇ، ھەر قانداق بىر مىللىي مەدەنىيەت ئۆزىنى توختىماي ئىسلاھ قىلغاندا، شاكىلىنى تاشلاپ، يېڭىدىن - يېڭى ھاياتىي مەنىلەرگە ئىگە بولغاندا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە راۋاجلىنالايدۇ.

تارىختا ئوبدان قاراپ ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى، گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى، جۈملىدىن چاي مەدەنىيىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى يېڭىدىن يېڭى ئىلغار مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ چاي مەدەنىيىتىمىزگە كىرىپ قالغان تۇرلۇك بىمەنە، ھېچقانداق تەربىيەۋى ئەھمىيىتى، ھۇزۇرى بولمىغان، ھەتتا كۆڭۈلسىزلىك، خاتىرجەمسىزلىك، پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىدىغان ئىسراپخورلۇق قىلىدىغان، ئۆمۈرنى بىھۇدە خورىتىدىغان، ئۆزئارا كۆز - كۆز قىلىشىدىغان يامان ئادەت، يامان قىلىقلارنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاش بىلەن بىللە، مۇشۇنداق شىكايەت، تۆھمەتكە دەسمىي سالىدىغان ئەخلاقسىزلىقلارغىمۇ سورۇن، ئىمكانىيەت قالدۇرماسلىقىمىز لازىم.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)

# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئاياللارنىڭ گىرىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى



مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن



گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىك يارىتىش، گۈزەللىك ئىزدەش، گۈزەللىكنى نامايان قىلىش، گۈزەللىكنى ئىپادىلەش ئىنسانىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. ئەمما ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈزەللىكنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. چىراي گۈزەللىكى ئىنسانىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى بولسىمۇ، لېكىن ئىنسان بۇنىڭلىق بىلەنلا قانائەت قىلمايدۇ. يەنى ھەر خىل شەكىلدە گىرىم قىلىش، زىبۇ-زىننەت بېزەكلىرىنى تاقاش ئارقىلىق گۈزەللىكنى قايتا نامايان قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆزىگە گىرىم قىلىش، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھازىر گىرىم بۇيۇملىرى زىبۇ-زىننەت بېزەكلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىشلىتىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى گىرىم ۋە زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى، ئۇلار ھازىرمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى يوقاتماي كەلدى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئاياللارنىڭ بىر قىسىم گىرىم بۇيۇملىرى ۋە زىبۇ-زىننەتلىرىنىڭ نامى، ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن. گۈزەللىك ئىزدەش يۇقىرى پەللىگە چىققان بۈگۈنكى كۈندە ئەنئەنىدىن ياتلاشماسلىق، ئەنئەنىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق مەقسىتىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئەنئەنىۋى گىرىم بۇيۇملىرى



ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كىتابخانـ
لارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمىز.

ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن باشلاپ
بويىنغا ھەر خىل قىممەت باھالىق مارجانلارـ
نى ئېسىپ گۈزەللىكنى نامايان قىلغان، بۇ
ھەقتە «دىۋان»دا مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن:
«مۇنچاق ـــ زىننەت ئۈچۈن بويىنغا سالىدىـ
غان قىممەتلىك تاشلار» (1 ـ توم، 621 ـ بەت).
بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى ئاياللار بويىنغا
مونچاق ئاسقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە
كۈمۈش، ئالتۇنلاردىن ياسالغان زىننەت بۇـ
يۇملىرى ئېسىۋالىدۇ. ئەمما شەكلى ئاساسىي
جەھەتتىن ئۆزگەرمىگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئايالـ
لار بويىنغا ئاسقان قىممەت باھالىق مارجانلار ھېلىھەم ئۆزدـ
نىڭ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق، بۇ زىننەت بۇيۇملىرى ھېلىمۇ
ئاياللارغا گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

«چىچامۇق: نامسىز بارماق، ئۈزۈك مۇشۇ بارماققا
سېلىنىدۇ.» (3 ـ توم، 634 ـ بەت). ئۈزۈك ئادەتتە ھەر
خىل مېتاللاردىن ياسىلىدۇ. ئالماس، ئالتۇن، قاشتېشى،
ياقۇت، كەھرىۋا قاتارلىقلار «يۈزۈك ـــ ئۈزۈك، بارماققا
سېلىنىدۇ.» (3 ـ توم، 22 ـ بەت). دېمەك، ئۈزۈك سېلىش
ئۇيغۇر ئاياللىرىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە
ئەنئەنىۋى ئادەت. ئۇيغۇر ئاياللىرى بارماقلىرىغا سېلىۋالـ
غان ئۈزۈكلەر تولىمۇ نەپىس، چىرايلىق بولغاچقا ئاياللارـ
نىڭ قولىغا ئالاھىدە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

تۇغۇتتىن كېيىن ئاياللارنىڭ يۈزىدە داغ قالىدۇ.
ئەمما ئاياللار ھەرقانداق ۋاقىتتا يۈز تېرىسىنىڭ پاكىز،
ئاق، سۈزۈك، چىرايلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇڭا
ئاياللار يۈزىگە ھەر خىل مايلارنى سۈركەيدۇ.

«دىۋاندا» ئەينى ۋاقىتلاردىمۇ ئاياللارنىڭ يۈز تېـ
رىسىگە ماي سۈركىگەنلىكىگە ئائىت مۇنداق ئۇچۇر بېرىلـ
گەن.

«ئەگىت: داغ چۈشۈرۈش ئۈچۈن يۈزگە سۈرتۈلـ
دىغان بىر خىل دورا. بۇ دورا زەپە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ». (1 ـ توم، 71 ـ بەت). ھازىر يۈز
تېرىسىگە سۈرتۈلىدىغان ھەر خىل خىمىيەۋى ماددىلار بەـ
رىكتۈرۈپ ئىشلەنگەن يۈز مايلىرى سېتىلىۋاتىدۇ. لېكىن



ئەينى ۋاقىتتا يۈز مايلار تەبىئىي دورا ئۆسۈملۈكلەردىن
ياسالغان بولغاچقا، بۇ خىل مايلار ئاياللارغا تەبىئىي گۈـ
زەللىك بېغىشلىغان. ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇنىڭدىن نەچچە
1000 يىل ئىلگىرىمۇ يۈزىگە ماي سۈركەپ، ئۆزلىرىنىڭ
گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان. ئاياللار يۈزىگە ئۇپا ئىشلىتـ
دۇ. «دىۋان»دا بۇ توغرىسىدا مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن
«ئۇپا ـ ئۇپا» دېمەك ئۇپا ئىشلىتىشتىمۇ بىزدە ناھايىتى
ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى بىلىكىگە يەنە ئالتۇن، كۈمۈش،
قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ياسالغان بىلەزۈك سالىدۇ. بۇ
ھەقتە «دىۋان»نىڭ (1 ـ توم، 672 ـ بەت)تە ئاياللارنىڭ
قولىغا بىلەزۈك سالىدىغانلىقىغا ئائىت مۇنداق ئۇچۇر بېـ
رىلگەن. «بۇ بىلەكنى قورۇيدىغان بىلەزۈك»، ئۇيغۇر ئاـ
ياللىرىنىڭ بىلىكىگە سالىدىغان بىلەزۈك تۈرلىرى ئانچە
كۆپ ئەمەس، ئەمما شەكلى ناھايىتى نەپىس، چىرايلىق،
ئالتۇن بىلەزۈكنى ھەر خىل گۈل ياپراقلىرى، باشاق شەـ
كىللىرىدە ياسىسا، كۈمۈش بىلەزۈكنى نەقىش، كانارىلارـ
نى چىقىرىپ ياسايدۇ. قاشتېشى بىلەزۈكنى قاشتېشىدىن
ئويۇپ ياسايدۇ. ھازىرقى بىلەزۈكلەر ئەينى دەۋردىكى
بىلەزۈكلەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى بولمىسىمۇ، لېكىن
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىلەزۈك سېلىش تارىخىنىڭ ناھايىتى
ئۇزاقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان
قىلىش ئۈچۈن قۇلىقىغا ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشىدىن

ياسالغان ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى سىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بۇ ھەققىدە «دىۋان»دا مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن: «ئۆگمەك — خوتۇنلار قۇلىقىغا تاقايدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا، زىرە» (1 - توم، 142 - بەت). قۇلىقىغا ھەرخىل مېتال بۇيۇملارنى سىلىۋالىدىغان مىللەتلەر خېلى كۆپ، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەرلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بىراق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قۇلىقىغا سالىدىغان مېتال بۇيۇملاردىن روشەن پەرق قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ شەكلى تىپىك مىللىي خاسلىققا ئىگە. ھازىرقى كۆپ خىل مەدەنىيەت بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان شارائىتتىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قۇلىقىغا سالىدىغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى خاسلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

«دىۋان»دا يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قۇلىقىغا سالىدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بىر نەچچە خىل شەكلىنىمۇ تونۇشتۇرغان. بۇ زىننەت بۇيۇملىرى ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي نامى بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

چاچ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم ئامىل. ئۇيغۇر ئاياللىرى چېچى قاپقارا، قويۇق، توم، ئۇزۇن بولسا ئۆزىنى شۇنچە گۈزەل، چىرايلىق ھېسابلايدۇ. چېچى ياخشى ئۆسمىگەن، رەڭگى سارغۇچ، چېچى شالاڭ ئاياللار گۈزەللىككە ئىنتىلىپ بېشىغا يالغان چاچ سېلىۋالىدۇ، ھازىر قارايدىغان بولساق ئارتىسلاردا بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى روشەن كۆرۈلىدۇ.

«دىۋان»دا بۇ ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن: «ئۆگلۈك — چوپۇرچاچ خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چوپۇرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى، ئۇلارنىما چاچ بۇ سۆز ئەسلىدە «باشقا» دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن ئېلىنغان (1 - توم، 182 - بەت). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بىزدىكى چاچ گۈزەللىكى، چاچ مەدەنىيىتى خېلى بۇرۇنلا مۇكەممەل مەدەنىيەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى يۈز تېرىسىگە ئەھمىيەت بېرىشتە ئۇيا، ئەگلىك سۈرتۈش بىلەن بىللە يۈزلىرىدە تۈك بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا دائىم يۈزىنى يىپلاپ، تۈكلىرىنى پاكىزلاپ تۇرىدۇ. «دىۋان»دا بۇ ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن: «يىپلاتتى — خوتۇنلار بىر - بىرىنىڭ يۈزىنى يىپلاشتى. بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە يىپ سالدى» (3 - توم، 141 - بەت). ئاياللارنىڭ يۈزىنى يىپلىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مۇھىم مەدەنىيەت ئامىلى بولۇپ ھازىرغا قەدەر سەھرالاردا داۋاملاشماقتا.

ئۇيغۇر ئاياللىرى تاشقى گۈزەللىكنى نامايان قىلىشتا گىرىم قىلىش، زىبۇ - زىننەت تاقاش بىلەن بىللە يەنە باش كىيىمگە ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى، قۇش پەيلىرىنى تاقاپ چىراي گۈزەللىكى بىلەن كىيىم گۈزەللىكىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ھاسىل قىلغان. بۇ ھەققىدە «دىۋان»دا مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن: «تۇتۇلدى — بۆككە ئالتۇن قاداق تۇتۇلدى» (3 - توم، 278 - بەت). «دىۋان»دا يەنە ئاياللارنىڭ تۈلكە، بۆلغۈن تېرىسىدىن قاما تەلپەك، جۇۋا كىيىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. بۇنداق كىيىملەر ھازىر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى دۆلەتمەن ئاياللار ئىرىشەلەيدىغان ئىمتىياز بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە بۇنداق كىيىملەرنى كىيىش 1000 يىل ئىلگىرىلا خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان.

گىرىم قىلىش، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش مەدەنىي ھاياتنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ پەقەت ئىنسان ماددىي جەھەتتىن تويۇنغاندا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدىغان مەدەنىي تۇرمۇش شەكلى. تەرەققىيات مۇشۇ دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ گىرىم قىلىش، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىش، كىيىملەرگە دەزمال سېلىش ئالاھىدە مەدەنىي كىشىلەرنىڭ ئادىتى، ئەمما بۇ ئادەت ئۇيغۇرلار ئىچىدە خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن.

«دىۋان»دا يەنە ئاياللارنىڭ ئۆزىنى كۈتۈش، دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن پايدىلىنىپ مەلھەم دورىلارنى ياساپ ئىستېمال قىلغانلىقى، ھەر خىل قاچىلاردا تاماق يېگەنلىكىگە ئائىت تۈرلۈك ئۇچۇرلار بېرىلگەن. بۇلارمۇ مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇچۇرلار. بۇنداق مەدەنىيەت مەلۇم بىر دەۋردىلا شەكىللەنمەيدۇ. ئۇ ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ھازىرقى مەدەنىيەت ئاشۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. شۇڭا بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت شەكلىنى يوقاتماي خەلقىمىزگە يېڭى ئېستېتىك تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ يازما ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەدىمىي ئەنئەنىلەرگە، رەڭدار شەكىلگە، ئاممىباب مەزمۇنغا، ھەرخىل ژانىرغا، نەپىسلىككە تويۇنغان. ئۇ قوشاق، ئەپسانە، رىۋايەت، داستان، چۆچەك، مەسەل، لەتىپە، چاقچاق، ماقال-تەمسىل ۋە تېپىشماق قاتارلىق كۆپ خىل ژانىرلارنى، باي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول ئەدەبىيات خەزىنىسىدىن ئىبارەت. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئەمگەك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىكى قورالى، تۇرمۇش ۋە تارىخ دەرسلىكى، شۇنداقلا كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ»①.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئاۋام - خەلقنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ جەريانى ۋە تەجرىبىلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش ساۋاقلىرى، ئەخلاقىي قائىدىلەر ۋە گۈزەل تۇرمۇش غايىلىرى مۇھىم تېما قىلىنىدۇ. ئۇ بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن ئاددىي ۋە ئىخچام، ساددا ۋە يارقىن، ساپ ۋە ئېنىق بولۇپ بايان قىلىشقا قولايلىق. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نوقۇل ھالدىكى بىر خىل ئەدەبىي ھادىسە ۋە پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات ئۇقۇمىدىنمۇ كەڭرەك بولغان ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ خەلق سەنئىتى بىلەن خەلقنىڭ ھەر خىل ئۆرپ - ئادەت پائالىيەتلىرى بىلەن، خەلقنىڭ جەمئىيەت ۋە



# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرچىلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئايگۈل ئابلىز

---

①ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 4 - بەت.

www.uyghurkitap.com



تەبىئەت ھەققىدىكى بىلىملىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن، ناھايىتى كەڭ مەزمۇن ۋە ئەمەلىي رولغا ئىگە ئالاھىدە بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلاتتۇر. ئۇ دەل مۇشۇنداق ھەم ئەدەبىياتقا، ھەم فولكلورغا تەۋە بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن تېلېۋىزىيە سەنئەت ئەسىرى بولۇشقىمۇ مۇناسىپ كېلىدۇ.

تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولغان تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش، ئەنئەنىۋى سەنئەت، دىن، دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش ۋەھاكازالارنى ئېكران يۈزىدە بەدىئىيلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك قاتارلىق ژانىرلارمۇ يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆزىگە جۇغلىغان. تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق كۆپ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى مول مەزمۇن ۋە جەلپ قىلارلىق تېما بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقچىللىق، مىللىيلىك، ئىلغارلىق، ئېكولوگىيەلىك، ئۇنىۋېرساللىق، ئەنئەنىۋىيلىك، ۋارىسلىق قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ تېما تاللاش ئوبيېكتى بولالايدۇ.

«چۆچەك ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان، توقۇلما پېرسوناژ، چەكسىز ماكان-زامان ئارقىلىق مول سۇژېت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ-غايىلىرىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ئاغزاكى نەسرىي ئەسەر. چۆچەكلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ژانىرلىرى ئىچىدە ھەجمى نىسبەتەن چوڭ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور بولغان مۇھىم تۈردۇر. چۆچەكلەر مەزمۇن جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ-غايىلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىپ، ھەم رېئال، ھەم خىيالىي بولغان ۋەقەلەر ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە تۇرمۇشقا بولغان كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ»②.

چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى ئەپسانە، رىۋايەتلەردىكىدەك ئىلاھ ۋە تارىخىي شەخس بولماستىن، بەلكى ئادەتتىكى توقۇلما ئادەم بولىدۇ. چۆچەكلەردە تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەكىلى بولغان دېھقان، يىلقىچى، مەدىكار، دېدەك، پادىچىلار، يوقسۇل، غېرىب قاتارلىق باش قەھرىمانغا سېلىشتۇرما ھالدا باي، زومىگەر، پادىشاھ ۋە باشقا ئەمەلدارلارنى قارىمۇقارشى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ ئىككى تەبىقە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پۈتكۈل چۆچەكنىڭ سۇژېتىنى تەشكىللەيدۇ. چۆچەكتە بۇ ئىككى تەبىقە كىشىلىرىدىن باشقا يەنە ئاجايىپ بايلىقتا ۋە قالتىس كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە نەرسىلەرمۇ مەۋجۇت. ئەمما ئۇلار چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ئەمەس، بەلكى باش قەھرىماننىڭ ئىدىيەۋى خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ۋە چۆچەك ئاپتورلىرى بولغان خەلقنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل فانتازىستىك ماتېرىيالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتى تولۇق، باش-ئاخىرى ئېنىق، قاتلاملىرى روشەن، ۋەقەلىكى ئۇزۇن بولۇپ، ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىشى، ئاخىرلىششى مۇكەممەل بايان قىلىنىدۇ. بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ بايان شەكلىگە ماس كېلىدۇ. تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىمۇ تۈگۈن، راۋاج، كولمىناتسىيە، يېشىمدىن ئىبارەت سۇژېت قۇرۇلمىسى تولۇق، قاتلاملىرى ئېنىق ھەم لىنىيەلەر ئۆزئارا زىچ ماسلاشقان، باش-ئاخىرى باغلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى تۇرمۇش چۆچەكلىرى، سېھىرلىك چۆچەكلەر ۋە ھەجۋىي چۆچەكلەر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئېسىل تېمىسى بولالايدۇ. بۇ تېمىلارنى تۇرمۇش فىلىملىرى، باللار فىلىملىرى، كارتون فىلىم قىلىپ ئىشلەشكە باب كېلىدۇ.

چۆچەكلەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىدا كۆپىنچە قەھرىمانلىق ۋە پەم-پاراسەتكە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. خەلقنىڭ

---

② ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل 9-ئاي نەشرى، 237-، 238-بەت.

گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ- ئارمانلىرى ئىپادە قىلىن-
دۇ، ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇيغۇر خەلق-
ىنىڭ قەدىمىي ئۆرپ- ئادەت ۋە ئېتىقادلىرى ئەكس ئەتتۈ-
رۈلىدۇ. مانا بۇ مەزمۇنلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ كەڭ خەلق-
ىمىزنىڭ قوللىشىغا، ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدىغان تېمىلار
بولۇپ، كىشىلەر بۇ مەزمۇنلارنى بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى
ھەرخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تەتبىقلاپ، ئۇنىڭدىن
ئېستېتىك زوق ئالىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ،
بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بىرىنچىدىن، مەز-
مۇنىنىڭ موللۇقى؛ ئىككىنچىدىن، سۇژېت جەھەتتىكى
(زەنجىرسىمان، پاراللېل، كىرىشتۈرمە شەكىل) ئالاھىدى-
لىكلىرى؛ ئۈچىنچىدىن، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئىستىرېئولۇق
خۇسۇسىيىتى؛ تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت،
ئۆرپ- ئادەت، قائىدە- يوسۇن، دىنىي ئېتىقاد، مىللىي
پسىخىكا، مىللىي خاراكتېر، دۇنيا قاراش، كىشىلىك ئالاقە
قاتارلىق بىر قاتار تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئەۋ-
زەللىكى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى
مەنبە بولالايدۇ.

مۇشۇ نۇقتىلارنى تونۇپ يەتكەن بىر قىسىم تېلېۋى-
زىيە تىياتىرى خادىملىرى بۇ خىلدىكى تېمىلارنى ئىشلەپ
مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق چۆچەك-
لىرىدىن «ئۇجمە سايىسى»، «ئۇر توقماق»، «ئۈچ
ئوغۇل»، «سېھىرلىك ساندۇق»، «چىن تۆمۈر باتۇر»،
«بەگلەر» قاتارلىق چۆچەكلەر تېلېۋىزىيە تىياتىرى
قىلىپ ئىشلەندى. تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ئۇجمە سايىسى»
دە بېخىل ۋە ئاچ كۆز باي كەمبەغەل يىگىت ئەپچىلەمگە
ئۇجمە سايىسىنى سېتىپ، ئۆزىچە بۇ ياللاكتۆشنى ئەخمەق
قىلدىم دەپ ئويلايدۇ، ئەمما ئەپچىلەم باشچىلىقىدىكى يە-
گىتلەر باينىڭ پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئاجىزلىقىدىن
پايدىلىنىپ، ئۇجمە سايىسىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ھەق
يوسۇندا ئۇنىڭ ھويلا ۋە ئۆگزىلىرىدە بەخىرامان
ئويناپ، باينىڭ بېشىغا دەسسەپ، راسا ئۆچىنى ئالىدۇ ۋە
ئۇنى ئۆيىدىن تالاغا چىقالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. خەلقئا-
لەم ئالدىدا رەسۋا بولغان باي ئاخىر باشقا يۇرتقا كۆچۈپ
كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مانا بۇ ۋەقەلىك باشتىن- ئاخىر
يۇمۇرىستىك، ھەجۋىي كۆرۈنۈش ۋە ئاددىي خەلق تىلى
بىلەن ئېكران يۈزىدە كۆرۈنىدۇ. «ئۇر توقماق» فىلىمى-
دىمۇ ئاچ كۆز تۈگمەنچى، تويماس ۋەزىر قاتارلىق
سەلبىي پېرسوناژلار قاتتىق مەسخىرە ئىچىگە ئېلىنىپ،
ساددا، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بوۋايغا ھېسداشلىق قىلىن-
دۇ... مانا مۇشۇنداق ھەرىكەتچان، يۇمۇرىستىك، مول
مەزمۇنلۇق، پەلسەپۋىلىككە تويۇنغان چۆچەكلەر تېلېۋى-
زىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلىنىپ، ئېكران يۈزىدە قويۇلغان-
دىن كېيىن تېخىمۇ كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈ-
شۈپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشى، مەدھىيەسىگە ئېرىشتى.
تېخىمۇ يۇقىرى ئېستېتىك ئۈنۈم ياراتتى، كىشىلەرنىڭ تە-
سەۋۋۇرىدىكى غايىۋى ئوبرازلارنى تەسەۋۋۇردىن ئىجتى-
مائىي تۇرمۇشقا باشلاپ ئەكەلدى. جەمئىيەتكە بولغان
ئىجتىمائىي، تەربىيەۋى ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى بولدى.
بۇ چۆچەكلەرنى بۈگۈنكى دەۋرگىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدى-
غان بولغاچقا، ئەينى دەۋردە خەلقىمىز ئەيىبلىگەن جازانى-
خورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، رەھىمسىزلىك
قاتارلىق ئىللەتلەر بۈگۈنكى دەۋردىمۇ قامچىلاندى. كى-
شىلەرگە ۋە بالىلارغا ئىستىخىيلىك ھالدا ئىدىيەۋى تەربىيە
بەردى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سېھرىي كۈچى-
نى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى-
نى زامانىۋى شەكىل ۋە تېخنىكا بىلەن تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك سىناق ئېلىپ باردى، شۇنداقلا
بۇ فىلىملەر بازارغا سېلىنىپ، ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى.
بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ زوقلاندۇرۇش كۈچى يۇقىرى
بولۇپ، كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. ئەينى
دەۋردىكى خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بىر
پۈتۈن تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە
قىلدى. خەلق ئەقىل- پاراسىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ھېس
قىلدۇردى. ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى كومېدىيەلىك
فىلىملەر ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بەردى. تەربىيەۋى
ئەھمىيىتىنى جەمئىيەتتىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، تېلېۋىزىيە
تىياتىرى ئىجادىيەتچىلىرىگىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى
تېلېۋىزىيە ئەسىرى قىلىپ ئىشلەشتە تەجرىبە- ساۋاقلارغا
ئىگە قىلىپ، بۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ۋە كەسپىي
ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى، ئىدىيوم، ھېك-
مەتلىك سۆز قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى-
دىكى قىممەتلىك مىراس. ئۇ خەلقىمىز ئەمگەك ۋە

تۇرمۇش تەجرىبىلىرى داۋامىدا خۇلاسىلىگەن، تاۋلانغان، ئىخچام، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق تىل جەۋھەرىدۇر. ئۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ قامۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماقال-تەمسىل، ئىدىيوملار شەكلى ئىخچام، تىلى جانلىق، ئاھاڭى يېقىملىق، سۆز تەركىبى رەتلىك، ئەستە قالدۇرۇش ئاسان، قايىل قىلىش كۈچى ۋە ئېستېتىك قىممىتى زور بولۇپ، بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئىخچاملىق، ئوبرازچانلىق ۋە ئاھاڭدارلىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە»③. ئۇنىڭ مانا بۇ ئالاھىدىلىك ۋە قىممىتى دەل ئۇيغۇر كىنو-تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىدە جانلىق ۋە ئەمەلىي رول ئوينايدۇ.

كىنو-تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنىڭ تىلى جانلىق، ئوبرازلىق، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ماقال-تەمسىل، ئىدىيوم، ھېكمەتلىك سۆز قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ كىنو-تېلېۋىزىيە تىلىدا ئىشلىتىشكە ئىنتايىن باب كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەم كىنو-تېلېۋىزىيە ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلانغان. تېلېۋىزىيە تىياتىرى فىلىملىرىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ھەر بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا ماقال-تەمسىل، ئىدىيوم، ھېكمەتلىك سۆز قاتارلىقلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن: «ئۈجمە پىشى، ئاغزىمغا چۈش»، «قورققان يەردە جىن بار»، «قورققانغا قوش كۆرۈنەر»، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە»، «ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات»، «كۆمسەم پېشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ»، «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق»، «بالا-قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت-قولنى ساڭگىلىتىپ»، «ئات ئايلىنىپ ئوقىرىغا، يول سارىيىغا» «ئانىنىڭ شادلىقى بالىنىڭ قارىچۇقىدا»، «ئۆگەي ئانا بەرگەن تاماقتىن ئۆز ئانىسى بەرگەن تاياق ياخشى»، «كىرپىدەك تۈگۈلۈش»، «قوڭغامدا ئىشتان يوق، ئېتىم مارجانبۇۋى»، «قۇياش يەتتە ئىقلىمنىڭ قۇياشى بولغاندەك، بىلىم ئىنسانىيەتنىڭ قۇياشى»، «زۇۋۇلىسىنى كىچىك ئۈزۈلۈش»، «ئۇسساپ قېلىپسىز»، «ئېتىڭىز ھېرىپ قاپتۇ»، «قارا باسقان ئادەمدەك»، «بېشىغا جىن تەپكەندەك»... قاتارلىقلار.

دېمەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى رەڭدار، ئېسىل مەزمۇن مەنبەسى، يىغىنچاق، ئويناق، ئوبرازلىق، جانلىق تىل بايلىقى بىلەن تەمىن ئەتسە، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۇنى تېخىمۇ كەڭلىككە، ئوبرازچانلىققا، بىۋاستىلىككە، دەۋرچانلىققا، ئاڭلاش ۋە ئوقۇشتىن كۆرۈشچانلىققا ئىگە قىلدى. ئاغزاكى تارقىلىشتىن زامانىۋى مىدىيا ۋاستىلىرى بىلەن تارقىلىدىغان كەڭ ئىمكانىيەتكە ئېرىشتۈردى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەن تېلېۋىزىيە تىياترلىرى قىسمەن جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلىدى، بىر-بىرىگە ياندىشتى، قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى بىرلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ يېڭىچە تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بېيىتتى. مانا بۇ ئىجادىيەت تەجرىبىسى ئەدەبىياتىمىز ۋە سەنئىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قانداق قىلىپ ئەنئەنىدىن يىلتىزلانغان زامانىۋى تۈسكە ئىگە يېڭى ئەسەرلەرنى يارىتىشنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز، سېنارىستلىرىمىز، دىراماتورگلىرىمىز ۋە شۇنداقلا سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىمىز بۇ تەجرىبىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە ئۆز ئىجادىيىتىگە تەتبىقلىشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل 9-ئاي نەشرى.

2. ۋۇسەنجۇن: «تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئېستېتىك تەپەككۇرى»، جۇڭگو مىدىيا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل 1-ئاي نەشرى (خەنزۇچە).

3. مونىك كارك، مارى كىلەيېر (فىرانسىيە): «كىنو ۋە ئەدەبىيات»، مەدەنىيەت-سەنئەت نەشرىياتى، 2005-يىل 3-ئاي نەشرى (خەنزۇچە).

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2011-يىللىق ئۇيغۇر ھازىرقى، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى يۆنىلىشى ماگىستىر ئاسپىرانتى)

③ ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009-يىل 9-ئاي نەشرى، 565-بەت.

# ھېكىملىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتى





(1)

بىلگىنىكى، بەدەنىنىڭ قۇۋۋىتى غىزا بىلەن. دېمەك، ھەر بىر كىشىگە غىزا يېيىش زۆرۈر. بىراق ھاجەتكە يارىشا يېيىش كېرەك. زورلاپ، ھەددىدىن ئارتۇقچە يېيىلسە، بۇ ھايۋانلار خىسلىتىگە ئايلىنىدۇ. غىزانى شۇ دەرىجىدە يېيىش كېرەككى، تاكى تەن ئويلاش ۋە ھەرىكەت قىلىشقا قادىر بولسۇن.

بېيىت:

ئاغزىڭدىن تاشقۇنچە يېمىگىن، ئوغلان،
شۇنچە يەكى، جانىڭ تاپالسۇن دەرمان.

غىزا يېيىشتىن ئاۋۋال قولنى يۇيۇش ئۇلۇغ كىشىلەردىن قالغان ياخشى خۇلقتۇر. غىزا يېيىلىۋاتقان چاغدا ھەدەپ قىمىرلىۋەرمەسلىك، ئاۋۋال قانداق ئولتۇرغان بولسا، غىزا يەپ بولغۇچە شۇ خىلدا ئولتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماق كېرەك. كۆپ يېيىشكە ئۇرۇنماسلىق كېرەك. بۇ ئۇلۇغلار خىسلىتىدۇر. يانپاشلاپ چاي ئىچىش ھەم يامان پېئىلدۇر. تويۇپ يېيىلگەندە بولسا ھەپسىلىسىزلىك پەيدا بولىدۇ. ھەزىم قىلىش قىيىنلىشىپ، بارا-بارا مەيدىمۇ ئىشتىن چىقىدۇ. داستىخانغا ئادەتتە ئوڭ قول ئۇزىتىلىدۇ.

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئادىتى شۇنداقكى، لوقمىنى ئاز-ئاز ئالىدۇ، بىرىنچى لوقمىنى يۇتۇپ ئۈلگۈرمەستىن ئىككىنچى لوقمىغا قول ئۇزىتىلمايدۇ. غىزادىن ئەيىب ئىزدەلمەيدۇ. ئەگەر غىزا ياقمىسا، ئىندىمەستىن يېمەي قويۇپ قويىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى ئۇنىڭ يېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ خۇرسەندچىلىكى ياكى ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر ئاز بولسىمۇ تەناۋۇل قىلىنىدۇ. غىزا پۇۋلەنمەيدۇ، بەلكى سوغۇغىچە سەبىر قىلىنىدۇ. مېۋىدىن جۈپ-جۈپ ئالماي، بەلكى بىردىن ئېلىنىدۇ.

غىزا ئەسناسىدا ئۇلۇغ كىشىلەر ھەققىدىكى ھېكايەتلەر ئەسلىنىپ يېيىلىدۇ. ھەر خىل بىھۇدە سۆزلەر قىلىنمايدۇ. مېھمان ئاز يېسە، كۆپرەك يېيىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۈچ مەرتىدىن ئارتۇق تەكلىپ قىلماسلىق كېرەك. بۇنىڭدىن ئارتۇقچە زورلاش ھەم ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. مېھماننىڭمۇ ۋەزىپىسى شۇكى، ساھىبخانىنى خىجالەتكە قويماسلىقى كېرەك. ئۆيدە قانچە غىزا يېسە، مېھماندا ھەم شۇنچە يېمىكى مۇمكىن. ئەمما غىزا كەمرەك بولۇپ، باشقىلارنىڭ تويۇپ يېيىشىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا يېيىشنى توختاتسا، بۇ ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. يەنە ساھىبخان خۇرسەندچىلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەكلىپىگە مۇۋاپىق بىر ئاز ئارتۇقچە يېيىشمۇ گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. ئۆزگە كىشىلەرنىڭ غىزا يېيىش پەيتىنى پايلاش، تەكلىپ قىلىنمىغان جايغا غىزا يېيىش قەستىدە كىرىش يامان ئادەتتۇر، ئۇنداق كىشى پەسكەش ئادەم ھېسابلىنىدۇ. يېگەن غىزاسى بولسا ھارامدۇر. تاسادىپەن غىزا ئۈستىگە كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالسا، غىزاغا تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ سۆزى چىن دىلىدىن ئىكەنلىكىنى سەزسە ئولتۇرۇپ بىللە غىزا يېيىشى مۇمكىن. ساھىبخانىنىڭ سۆزى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئىكەنلىكىنى سەزسە، ئۆزىر ئېيتىپ قايتمىقى كېرەك. ئەگەر غىزا ساھىبى سىنالغان دوست بولسا، رۇخسەتسىز ئولتۇرۇشى ۋە غىزايىدىن يېيىشى مۇمكىن.

بىلىڭكى، تۆت نەرسە كىشىنىڭ بەدىنىنى سەمرىتىپ كۈچلۈك قىلىدۇ. گۆشنى كۆپ يېيىش، چىرايلىق نەرسىلەرگە تىكىلىش، چۆمۈلۈش ۋە ساياھەت قىلىش. تۆت نەرسە كىشىنى ئازدۇرىدۇ، شەھۋەتكە ئەرك بېرىش، ئارتۇقچە غەم چېكىش، ئەتىگەن كۆپ سۇ ئىچىش، تۇزلۇق-ئاچچىق نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش، ئۈچ نەرسە كۆز نۇرىنى ئاشۇرىدۇ: ئۇخلاش ئالدىدىن كۆزگە سۇرمە تارتىش، يېشىللىققا تىكىلىش ۋە پاكىز كىيىم كىيىش. ئۈچ نەرسە كۆز نۇرىنى كېمەيتۈرىدۇ: خۇنۇك نەرسىلەرگە تىكىلىش، دۈشمەننى كۆرۈش، نۇرغا تىكىلىش.

ئابدۇلھەق ئىبن سەييىدىن 51: «ئەدەب ئەس-سالىھىن» («ئالىجاناب كىشىلەرنىڭ ئەدەبى») كىتابىدىن

(2)

## غىزالار ۋە غىزالىنىش قائىدىلىرى ھەققىدە

بىلگىنكى، بارچە تۈردىكى غىزالار يېيىلىش قائىدىسىگە قاراپ پايدا ۋە زەرەردىن خالىي بولمايدۇ. «ئەجايىبۇل - مەخلۇقات» كىتابىدا يېزىلىشىچە، كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ ئەسلىي سەۋەبى كىشى ئۆز مىجەزىگە ماس كەلمىگەن غىزانى يېيىشىدە، بارچە دورىلارنىڭ ئۈتكۈرراقى بولسا مىجەزگە ماس كېلىدىغان غىزا يېيىشتۇر.

كەم غىزا يېيىش ئارقىلىق داۋالىنىش بارچە دورىلاردىن ھەم ئەۋزەلرەك. مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ئېيتار ئىدى: «ئىللەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۆت نەرسە سەۋەب بولىدۇ: يامان سۇ، ئاچچىق تۇتۇن، بەتبۇي ھىد ۋە ھەزىم قىلىنىشى قىيىن بولغان غىزا!»

ھېكمەت ئەھلىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئىللەتنى پەيدا قىلغۇچى نەرسە ئالتە دېيىلىدۇ. ئۇلار تۈندە كەم ئۇخلاش، كۈندۈزى كۆپ ئۇخلاش، سۈيدۈكنى ئۇزاق تۇتۇش، توق قورساققا غىزا يېيىش، كېچىسى سوغۇق سۇ ئىچىش ۋە جىنسىي ئالاقىگە ئارتۇقچە مەيىل قىلىشتۇر.

ئادەمزات كۆپ يېيىشنى ئەسلا ئادەت قىلماسلىقى لازىمكى، ھەقىقەتەنمۇ كۆپ يېيىش ھايۋانلار ئادىتى بولۇپ، ھېكمەت قانۇن-قائىدىسى بويىچە نامەقبۇلدۇر. دېمەك، ئىنسان غىزالىنىش بارىسىدە ناھايىتى ئېھتىيات بولۇشى، ئىمكانى بارىچە كەم يېيىشى، توغرا كەلگەن پەيتتە تۈرلۈك غىزالارنى يېيىۋەرمەسلىكى، ھەقىقىي، چىن ئىشتىھا كەلگەندىلا غىزا يېيىش زۆرۈر. شۇ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ تېۋىپقا ئەسلا ئىشى چۈشمەيدۇ.

پەرد:

تېبابەتتە شۇنداق يازغىنىن كۆردۈم،
ئاچلىق دەۋا ئېرۈر بارچە ئىللەتكە!

يېيىلىدىغان غىزالار تازا ۋە ساپ بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، نان ئاپەت تەگمىگەن تازا بۇغدايى ئۇنىدىن بولۇشى، گۆش بولسا ساغلام ھايۋاننىڭ گۆشى بولۇشى بىلەن بىللە ياخشى پىشۇرۇلۇشى، شەربەتلەر مىجەزىگە ماس بولۇشى، ئۈزۈم ۋە ئەنجۈر كەبىلەر بولسا يېتىلىپ پىشقان بولۇشى لازىم.

كەمالىددىن ئىسمائىل بۇخارىينىڭ تېبابەتكە ئائىت كىتابىدا يېزىلىشىچە، كىشىنىڭ قارنى توق بولسىمۇ، باشقا غىزا ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇلسا، ئۇنىڭدىن ئەسلا يېمەسلىكى كېرەك. بۇنىڭدىن تاشقىرى قاتتىق ۋە ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن نازۇك غىزالاردىن، مەسىلەن، سۈت ياكى بېلىققا ئوخشاش نەرسىلەردىن يېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق پەيتتە مەيدە ناھايىتى قىزىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چۈشكەن نازۇك غىزالار قىزىيدۇ ۋە تېزلىكتە بۇزۇلىدۇ. مەيدىسى ئىسسىق مىجەز كىشىلەر سوغۇق مىجەزلىك غىزالاردىن تەناۋۇل قىلىشى، مەسىلەن، غور ئۈزۈم ياكى ئاشقاۋاق يۇمران قاپاق يېيىشى كېرەك.

غىزالارنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ يەپ بولمايدۇ. قېتىقنى ئۈزۈم سۈيى بىلەن، بارچە تۈردىكى غىزالاردىن كېيىن شاپتۇل ۋە ئۆرۈكنى يەپ بولمايدۇ. ئۈزۈم بىلەن بېلىقنى، سىركە بىلەن سامساقنى ياكى پىياز، سامساق ۋە خەردەل (گارچىتسە)نى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇش كېرەك ئەمەس. بارچە تۈردىكى مېۋىلەردىن كېيىن بولسا سوغۇق سۇ ئىچىپ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەسەل بىلەن قوغۇننى، توخۇ گۆشى بىلەن بېلىقنى، سامساق، باقلا، (پېدىگەن) ئەيران ۋە قېتىقلارنى ھەم ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

(مۇھەممەد ئىبن شەيخمۇھەممەد ئەل-جامىي: «رىيازەن-ناسىھىن» («نەسىھەتچىلەر بوستانى») 61 كىتابىدىن

## غىزالىنىش ۋە مىجەز ھەققىدە

ئىنسان ئۆز گەۋدىسىگە ئېغىرلىق ۋە كېسەللىك

يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن ئاز غىزا يېيىشى زۆرۈر. غىزانى شۇ دەرىجىدە يېسۇنكى يېيىلگەن غىزا ئاچلىق يولىنى توسالسۇن. ئاچلىق يولىنى توسۇش ئۈچۈنلا يېيىش پايدا، ئەمما كېرىكىدىن ئارتۇقچە زورلاپ يېيىش زەرەردۇر. ئىنسانغا نېمىكى ئىللەت يۈزلەنسە ئالۋەتتە ئۇ ئارتۇقچە يېيىشتىن زاھىر بولىدۇ. غىزا كۆپ ئىستېمال قىلىنغاندا مەيدىگە كۆچ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئارتۇقچە سەپرا ۋە زەرداپ ھاسىل بولىدۇ.

ھەكىملەرنىڭ يېزىشلىرىچە، ئىنساندا ئۈچ خىل مىجەز بولىدۇ. بىرىنچىسى ئىسسىق، ئىككىنچىسى — ئوتتۇرىچە، ئۈچىنچىسى — سوغۇق. ئىسسىق مىجەزلىك كىشىلەر ئىسسىق مىجەزگە ئىگە غىزالاردىن كۆپ ئىستېمال قىلسا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىسسىقلىق كۆپىيىدۇ. سوغۇق مىجەزلىك كىشى سوغۇق مىجەزلىك غىزالاردىن كۆپ يېسە، ئۇنىڭ بەدىنىدە ھۆللۈك ۋە سۇسلۇق كۆپىيىدۇ. ئوتتۇرا مىجەزلىك كىشىلەرگە بولسا ئىسسىق ياكى سوغۇق غىزالار ئۇنچە زەرەر قىلمايدۇ.

كىشى ئەتىگەن تۇرغاندا كەيپىياتى ياخشى بولمىسا، بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى نەرسە، بىرىنچىسى — ئىچكۈلۈكتىن ۋە ئادەمنى كەيىپ قىلغۇچى باشقا نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن. مەزكۇر نەرسىلەر ئادەمنىڭ ئىچىنى بۇزىدۇ، تەبىئىتىنى كىر قىلىدۇ، بەدىنىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچىسى، مەيدىدە كۆيگەن سەپرا ئورنىشىپ ئالغىنىدىن. ئەتىگەن تۇرۇپ تازا ھاۋادىن سۈمۈرسىمۇ ئۆزىدە ناخۇشلۇق ھېس قىلىۋېرىدۇ، كۆيگەن سەپرادىن قۇسۇش ئارقىلىق قۇتۇلۇش مۇمكىن.

(3)

## كەم يېيىشنىڭ پايدىسى ۋە كۆپ يېيىشنىڭ زەرەرى ھەققىدە

كىشىنىڭ يېمىشى پاكلىق ۋە ھاللىق بىلەن تېپىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستېمال قىلسا تۆۋەندىكى زەرەرلەر يۈزلىنىدۇ: ئاۋۋال كۆپ يېيىشتىن ئېزىلىش، بەزى ھاللاردا بولسا تاسادىپىي ئۆلۈم پەيدا بولىدۇ، كىشىدە پىكىر قىلىش بۇزۇلىدۇ. ھەكىملەرنىڭ سۆزىچە، قورساق قازانغا ئوخشايدۇ، ئۇ يۈرەك ئاستىدا دائىما قايناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن چىققۇاتقان ھارارەت ۋە بۇغ يۈرەككە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتىدە نۇقسان ھاسىل قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، كىشىنىڭ مېڭىسى گويا بىر ئۆي بولسا، ئەقىل ئۇنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى چىراغدۇر. مەيدىدىن ھاسىل بولغۇچى بۇغ مېڭىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئەقىل چىرىغىنىڭ نۇرىنى كېمەيتمەي قالمايدۇ. ئىككىنچى — ئادەم كۆپ يەپ، كۆپ غىزالىنىشقا ئۆگەنگەنسېرى ئىشتىھا ئېشىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستاد ئەبۇ جەپەر: «ئاشقازان ئەجەب ئەزاكى ئاچ قويغانسىرىڭ توقلۇق ھالىتى ئاشىدۇ، تويدۇرغانسىرىڭ ئاچلىقى كۆپىيىدۇ»، — دېگەنىدى. ئۈچىنچى، كۆپ يېيىشتىن ھەر خىل ئىللەت ۋە ۋەسۋەسگە چۈشۈش ھالەتلىرى يۈز بېرىدۇ ۋە پەھمۇپاراسەت پەسىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «كۆپ يېيىش زېرەكلىك ۋە دانالىقنىڭ كۈشەندىسى»، دەيدۇ. باشقا تائىپە ھەكىملەر بولسا: «كۆپ يېيىش ئەقىلنى يامانلىققا باشلىغۇچى ۋاستە» دېيىشىدۇ. تۆتىنچى — كۆپ يېيىشتىن تەن ئېغىرلىشىدۇ، بەدەن سۇسلىشىدۇ، بۇ ھالەتتىن بولسا ئۇخلىماي قۇتۇلۇپ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى دانالار: «كۆپ يېدىڭمۇ، ئۆزۈڭنى قاتقان ھسابلا»، دەيدۇلەر.

## غىزا يېيىشتىن ئاۋۋال رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەپلەر

غىزانى ئاۋۋال تۇز بىلەن باشلاش قەدىمىي ئادەتتۇر. دەستىخانغا نان سۇندۇرۇلۇۋاتقاندا ناننى ئىككى قول بىلەن سۇندۇرۇش، كېرەكىدىن ئارتۇقچە سۇندۇرۇۋەتمەسلىككە ھەرىكەت قىلىش لازىم. غىزا بولسا ئوڭ قول بىلەن يېيىلىدۇ. غىزانى كىچىك-كىچىك ئېلىش، ئاغزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چايناش، غىزا بىلەن بىللە قولنى ئاغزىغا تىقماسلىق كېرەك. غىزانى ياخشىلاپ چايناپ يۇتقاندىن كېيىنلا باشقا لوقما ئۈچۈن قول ئۇزىتىلىدۇ. غىزانى ئۆتە قىزىق ھالدا ئىچمەسلىك ياكى يېمەسلىك، ئۇنى پۈۋلىمەسلىك كېرەك، چۈنكى پۈۋلىگەندە ئاغزىدىن شالۇك چاچرىشى ئېھتىمالى بار.

«خۇلاسە» كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، غىزانى پۇرىماسلىق، غىزا يېگەندە سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك، ئىچىش لازىم بولۇپ قالسا، پىيالە ياكى قاچىنى ياغلىق قول بىلەن تۇتۇپ، بۇلغىماسلىققا ھەرىكەت قىلىش لازىم.

غىزانى يەپ بولغاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن تاتلىقلىق يېيىش، مەسىلەن، قەنت ياكى ھەسەل ئىستېمال قىلىش پايدىلىقتۇر.

(سۇلتان مەھمۇد ئىبن مۇھەممەد ئىبن مەھمۇد: «ئەدەبۇل — مۇزىيىن ۋە زادئۇل — ئاقىلىن» («زىياپەت ئەدەپى ۋە مېھمانلار يېمىشى») كىتابىدىن)

www.uyghurkitap.com



## پەرھىزنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە

بىلگىنكى، پەرھىزنىڭ ساق-سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىسى بۈيۈكتۇر. چۈنكى كىشى دورا ئىچىشتىن ئىلاجى بارىچە ساقلانمىقى كېرەك. بارچە ھەكىملەرنىڭ بىر قارارغا كېلىشلىرىچە، كىشىنىڭ جانۇ-تېنىگە تۆت نەرسە زور زىيان كەلتۈرىدۇ: كۆپ يېيىش، كۆپ سۆزلەش، كۆپ جىنسىي ئالاقە قىلىش ۋە كۆپ ئىچىش.

ئېيتىشلىرىچە، كەم يەپ، كەم ئىچىشتىن كۆرە ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىقراق دورا يوق. چۈنكى كۆپ يېيىشتىن مەيدە زەئىپ بولىدۇ ۋە بارچە كېسەللىك شۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ، تەن بولسا كۈچسىزلىنىدۇ. قورساقتا يەل پەيدا بولىدۇ، ئاغىزدىن بولسا يېقىمسىز ھىدلەر كېلىدۇ. يۈز ھەم سارغىيىپ، يېگەن غىزا ھەزىم بولمايدۇ.

خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر كۈنى ئەنۇشىرۋان غىزالىنىۋاتقانىدى، ئۇنىڭ يېنىدا يۇنان ئىسىملىك ھەكىم ئولتۇرغانىدى. يۇنان ئەنۇشىرۋاننىڭ كۆپ غىزا يەۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

ئەي پادىشاھ! ئاز يېيىشنىڭ بەدەنگە پايدىسى زور، كىشى قانچە ئاز يېسە، شۇنچە ساغلام بولىدۇ، — دېدى.

ئەنۇشىرۋانغا بۇ سۆز تەسىر قىلىپ، غىزادىن دەرھال قولىنى تارتتى. ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، كىشى ئۈچۈن ئاز يېيىشتىن پايدىلىقراق ئىش يوق، چۈنكى ئادەم كۆپ يېسە، كۆپ ئۇخلىسا، يۈزى سارغىيىپ كېتىدۇ، بەدىنى زەئىپلىشىدۇ، كۆڭلى ناخۇش بولىدۇ ۋە قاپاقلىرى ئىششىيدۇ.

جىنسىي ئالاقىنىڭ كۆپىي ھەم ئىنسان ئۈچۈن زەرەرلىكتۇر. بۇنداق ئادەمنىڭ ئەزالىرىدا سۇسلۇق يۈز بېرىشى بىلەن بىللە يۈرىكى زەئىپ، مەيدىسى بەدھەزىم، كۆزلىرى خىرە، يۈزى بولسا سارغايغان بولىدۇ.

كىمكى كۆپ سۆزلىسە، بۇنىڭدىن مېڭىسىگە نۇقسان يېتىدۇ، سەۋدايى بولۇپ تېز قېرىپ قالىدۇ.

ھەكىملەرنىڭ بىر پىكرىگە كېلىپ ئېيتىشلىرىچە، ئاز يېيىش، ئاز ئىچىش ۋە مىيارىدە ئۇخلاش ئىنسان بەدىنىگە سالامەتلىك يەتكۈزىدۇ. شۇنداق يول تۇتۇلسا غىزا ياخشى ھەزىم بولۇپ بەدەنگە سىڭىدۇ. بېلى بەقۇۋۋەت، كۆزى روشەن، كۆڭلى يورۇق، ئۆزى خۇرسەند، ئېسىدە ساقلاش قابىلىيىتى مۇستەھكەم بولىدۇ.

جالىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، كىمكى ئىسسىق ھامامغا كىرىپ، بېشىدىن ئىسسىق سۇ قۇيۇۋەرسە، كۆزىگە زەرەر قىلىدۇ. ئەمما سۈت كالىدىن سېغىپ ئېلىنغان پەيتتە قانچىلىك ئىسسىق بولسا، شۇ دەرىجىدە ئىسسىقلىقتىكى سۈتنى باشتىن قۇيۇش بولسا مېڭىگە پايدا بېرىدۇ ۋە مېڭە قېتىقىنىڭ زىيادە بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ، باش سۆڭەكلىرىگىمۇ پايدىلىقتۇر.

سۇقراتنىڭ ئېيتىشىچە، كىشى قورۇلغان گۆش يەپ، ئارقىسىدىن سۇ ئىچسە، ئاشقازاننىڭ زەئىپلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ ۋە غىزا ھەزىم بولۇشى قىيىنلىشىدۇ. كىمكى غىزا يەپ، دەرھال ئۇيقۇغا كەتسە ئويغانغاندا ئۆزىنى ناھايىتى ئېغىر ھېس قىلىدۇ ۋە مەيدە ئىچى پەساد بىلەن تولىدۇ. ھەر بىر ئادەم ھەر كۈنى ئازراق مىقداردا مېغىز يەپ يۈرسە، بەلغەملىك يۆتەل يوقىلىدۇ، مېغىز بەدەندىكى سەپرانى يوقىتىدۇ، ئېسىدە ساقلاش قابىلىيىتى ياخشىلىنىپ بارىدۇ.

ھەكىملەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇپ ئېيتىشلىرىچە، تۆت نەرسە ئادەمنىڭ يۈرىكىگە خۇرسەندلىك ئاتا قىلىدۇ: سايە جايغا قاراش، ئاقار سۇغا تىكىلىش، چىرايلىق خەت ۋە گۈزەل چېھرە.

تۆت نەرسە بولسا كۆزنى خىرەلەشتۈرىدۇ: يالاڭ ئاياغ يۈرۈش، دۈشمەن يۈزىنى كۆرۈش، كۆپ يىغلاش ۋە قاراڭغۇدا ئاق نەرسىگە كۆپ تىكىلىش.

تۆت نەرسە ئابرۇيىنى كەتكۈزىدۇ ۋە كەيپىياتنى بۇزىدۇ: يالغان سۆزلەش، چوڭلار بىلەن تارتىشىش، ھەددىدىن ئېشىش، تەكەببۇرلۇق قىلىش.

تۆت نەرسە ئابرۇيىنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ياخشى كەيپىيات بېغىشلايدۇ: ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئەھدىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، ساخاۋەتلىك بولۇش، ئەل بىلەن چىقىشىش.

ھەكىملەرنىڭ نەقىل قىلىشلىرىچە، ئەقىل مېڭىدە، تەم مەيدىدە، كۈچ قولدا، غەزەپ ئۆتتىدۇر ۋە يەنە ئېيتىشلىرىچە، يۈرەك-قاننىڭ ئۆيى، ئۆت سەپرانىڭ ئۆيى، كۆكۈل — نۇرنىڭ ئۆيى، تالاق (تال) — بەلغەمنىڭ ئۆيىدۇر. كىمنىڭ يۈرىكى ساغلام بولسا يۈزى قىزىل، ئۆزى تەندۇرۇست بولىدۇ. كىمنىڭ يۈرىكى زەئىپ بولسا، يۈزى سېرىق بولىدۇ. ھەركىمنىڭ ئۆتى كۈچلۈك بولسا، ئۆزى خۇش چاقچاق بولىدۇ.

(ھاپىز كەلام ئىبن بەدرىددىن: «خۇلاسە تۇل-ھۆكەما» («ھەكىملەر خۇلاسىسى») كىتابىدىن)

(تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋقادىر سادىر گۇما ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىدىن)

# مۇھەببەت ئىزھارى

ئايپاق ئايدىڭ يۇزلىرىڭگە،
قاپقارا مېڭىڭ بولاي.
تال چېچىقتەك بويلىرىڭدىن،
ئايرىلماي خىلىڭ بولاي.

ئاتلىنىپ سەھراغا چىقساڭ،
قامچا رەستىڭ مەن بولاي.
بارچە خەقنىڭ كۆزى سەندە،
تىلتۇمارىڭ مەن بولاي.

ھەشقىپچەكنىڭ گۇلىنى،
تېرىمىساممۇ ئۈندۇ.
كۆڭلى ئاق مېنىڭ يارىم؟
چىللىساممۇ كېلدۇ.

ئاسماندىكى ئۈچ يۇلتۇز،
قاراپ باقسام تارازا.
شۇ يارىمنىڭ دەردىدە،
مەيدەمدە بار گادازا.

ئاق قۇشقاچ كېلىپ قوندى،
ئاق چۈجەمنىڭ شېخىغا.
يارىم مېنى چىللدى،
ئۆزۈمزارلىق بېغىغا.

ئاقتۇر بىلىكىم ئاقتۇر،
ياردىن تەلىيم يوقتۇر.
ياردىن تەلىيم بولسا،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر.

ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپسىز،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

ئارقىدىكى جىگدىدىن،
بىلىم ئالغان ئۆزىڭىز.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
شېرىن- شېكەر سۆزىڭىز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئالتۇن ئۈنچە ئەپ قويدۇم،
چىن تەخسىگە سەپ قويدۇم.
يار كۆڭلىگە ئالمىغاي،
تاماشىغا سەپ قويدۇم.

ئالمائنى ئىغاتمامسەن؟
سۆيۈگىنىڭ ئىقىشىغا.
يازغان خەتلىرىڭ تەگدى
يۈرەكىنىڭ بىغىشىغا.

ئالمىنى ئاتسام دەرياغا،
لەيلىۋالدى چۆكمەيدۇ.
بىزنىڭ يارنىڭ ئوتلىرى
يالقۇنلايدۇ ئۆچمەيدۇ.

ئاي چىقاردا ئاينى كۆردۈم،
كۈن چىقاردا يارنى.
ئايلار ئىزدەپ يىلدا تاپتىم،
بىر سېنىڭدەك يارنى.

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
يۈرتۈمدىكى ئاي بار ئىكەن.
تەلمۈرۈپ تۇرغان كېپىكتەك،
گۈل جانان يانىمدىكەن.

ئۈچۈپ كەتتى بىر جۈپ كەپتەر،
جان ئاغزىدا دان-دانىسى.
ئەي گۈزەل پىچان قىزى،
ئىشچان يىگىت جانانىسى.

ئەي گۈزەل گۈل لالىسى،
يۈرىكىم دۇردانىسى.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
قالدى يۈرەكىنىڭ پارىسى.

ئەتلەس كۆڭلىكىم بولسا،
تاۋار-دۇردۇن دېمەسمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىم بار،
باشقىسىنى سۆيمەسمەن.

ئەجەب ئىسىم قويۇپتۇ،
پىچاندىكى يارىمغا.
يارنىڭ قىلغان سۆزلىرى
تەگدى يۈرەك تارىمغا.

باغقا كىرىپ ئالما يەڭ،
باغنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ.
كۆڭۈل بەرسىڭىز ماڭا،
جاندىن ئۆزگىسى سىزنىڭ.

باغقا كىرسەم شۇ يارىم،
گۈل تۇۋىدە ياتىدۇ.
خىلمۇخىل جىلۋە بىلەن،
ئۆز يېنىغا تارتىدۇ.

بۇغداي تېرىسام ئەتىياز،
ئۈنۈپ چىقتى مايسىلار.
چىقتى يارىم ئالدىمغا،
چاچلىرىغا چاچ ئۆلاپ.

بۇلۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ،
تاغ بېشىدىكى قاردىن.
ھەرگىزمۇ ئايرىلالماسمەن،
كۆڭلۈمدىكى شۇ ياردىن.

بۇلبۇلۇم ئۇچۇپ كەتتى،
ئاسمانغا قاراپ.
يۈرىكىمدە قان قالمىدى،
سېرىق سۇ باغلاپ.

ئۇ خېنىمنىڭ دەردىدە
دەريادا ئاقسام.
كۆيۈك ئوتىدىن باغرىمنى
نەم يەرگە ياقسام

ياغلىقىمنى كۆك بوياتتىم،
بىر ئۇچىنى ھاۋارەڭ.
بىزنىڭ باغدا ئالما پىشتى،
كۈندە كېلىپ ئالما يەڭ.

ئاقسارايدىن چىقتى يارىم،
ئاق بۇلۇتتەك ئاقىرىپ.
ئارقىسىدىن مەنمۇ چىقتىم،
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ.

سارغىيىپتۇ ـ سارغىيىپتۇ،
شۇ خېنىمنىڭ دەردى بار.
زەردى بولسا سارغىيامدۇ؟
ھەر تەرەپتە يارى بار.

بىزنىڭ باغنىڭ ئالمىسى،
قىلتىرىقتەك سانجىلۇر.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
مىرزا گۈلدەك ئېچىلۇر.

مىرزىگۈل ئېچىلغۇچە،
غۇنچىسىنى سانجىپ تۇرۇڭ.
بىز كىچىك، چوڭ بولغۇچە،
سەۋر قىلىپ ساقلاپ تۇرۇڭ.

بۇگۈن كېچە تاڭ ئاتمايدۇ،
يار قېشىمدا ياتمايدۇ.
يار قېشىمدا ياتقاندا،
جېنىم ئۈچىمگە پاتمايدۇ.

بېغىمدىكى قىزىلگۈل،
ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.
مېنىڭ يارىم مېھرىبان،
باشقىسىغا ئۇتىمايدۇ.

بىۋاپا بۇگۈن باردۇر،
تاڭنا ئۇنتۇغان يارىنى.
ئادىمى ھەرگىز ئۇنتۇماس،
راست سۆيگەن يارىنى.

بىزنىڭ يارلار كېلىدۇ،
سايە قىلىپ ياغلىقنى.
ئىزدىسىمۇ تاپالماس،
مەندەك سۆزى ياغلىقنى.

بىزنىڭ يار قۇش ھەيدەيدۇ،
ئارقىدا چىرىمداندا.
سېنىڭ ئوتۇڭ ئۆچمەيدۇ،
كۆيىدۇ شېرىن جاندا.

بىزنىڭ يارلار ئوبدان يارلار،
مېلىس ئوينايدۇ.
شۇنداق ئوبدان يىگىتلەرگە
پوتا سالمايدۇ.

بىر دانە ئىدىم،
مىلڭ دانە بولدۇم.
ئەقلى ھوشۇمدىن،
يېگانە بولدۇم.

يېگانە قىلغان،
قارا كۆزۈڭدۇر.
مەستانە قىلغان،
شېرىن سۆزۈڭدۇر.

جىق سېلىپسەن پىيازنى،
بىزگە ياغقان نېنىڭغا.
ماقۇل بولساڭ گېپىمگە،
قان قوشۇلار قېنىڭغا.

تار كوچاڭدىن ئۆتمەيمەن،
لېۋەننى ماراپ كەتمەيمەن.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
مۇرادىمغا يەتمەيمەن.

تاللار ئېگىلىپ بەش بولدى.
كۈن قايرىلىپ كەچ بولدى.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
تاڭ ئاتقۇزماق تەس بولدى.

تۆگۈش تۆككەندەككىنە،
تۆگۈش يەشكەندەككىنە.
بىز ئىككىمىز توي قىلساق،
گۈل ئېچىلغاندەككىدە.

«پىچان خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شاقۇر ۋە شاقۇرلۇقلار

مۇختار تۇردى

مارالبېشىنىڭ شەرقىدە، ناھىيە مەركىزىدىن تەخمى-
نەن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتا شاقۇر دەيدىغان بىر قەدى-
مي يۇرت بار، بۇ جاي تېررىتورىيە جەھەتتە مارالبېشى
ناھىيەسىگە، مەمۇرىي جەھەتتە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-
قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە 50- پولك
(چىگىلىك مەيدان)گە قارايدۇ. نوپۇسى 5000 ئەتراپىدا.
تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 100 مىڭ مو، دائىملىق تېرىپ پايدى-
لىنىدىغىنى 30 مىڭ مو ئەتراپىدا، كەلكۈن كەلگەن ياكى
سۇ مەنبەسى ياخشى بولغان چاغلاردا 70- 80 مىڭ موغا
يېتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىغىنى يېڭى شاقۇر بولۇپ،
ئەسلىدىكى شاقۇر زەرەپشان دەرياسى (مارالبېشى ناھىيە-
سى زىمىندىكى بۆلىكى) بويىغا جايلاشقان، يەرلىك كىشى-
لەر ئۇ يەرنى «كونا بازار» دەپ ئاتايدۇ، سۇ مەنبەسى
ياخشى بولمىغانلىقتىن ياكى كۆز پەسلىدە زىرائەتلەرنى
تولا كەلكۈن بېسىپ كېتىدىغانلىقتىن ئۇلار 1970- يىللىرى
كونا بازاردىن ھازىرقى يېڭى شاقۇرغا كۆچۈپ كەلگەن.
شاقۇرنىڭ ھۆل- يېغىنى ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق، تۇپرىقى
مۇنبەت، سۇيى كەمچىل، تېرىلغۇ يەرلىرى كەلكۈن مەزگى-
لىدە شور كۆلگە يىغىۋېلىنغان، تېرىقچىلىق مەزگىلىدە بىر
تۇتاش تارقىتىلىدىغان سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. شاقۇرنىڭ
ئەتراپىنى ئىپتىدائىي توغراقلىقلار ۋە يۇلغۇنزارلىقلار
ئوراپ تۇرىدۇ، توغراقلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن تەكلىما-
كان چوڭ قۇملۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شاقۇر بىلەن
ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسى ئاتلىق بىر كۈنلۈك
يول. شۇڭا غورۇچۆللۈكلەر بىلەن شاقۇرلۇقلار ئارىسىدا
بۇرۇندىن تارتىپ بېرىش- كېلىش، قۇدىلىشىش، ئۇرۇق-
تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ساقلىنىپ كەلگەن. شاقۇرلۇق-
لار ئۆزلىرىنى يەرلىك دولان ياكى قارا دولان دەپ ئاتى-
شىدۇ. توي- تۆكۈن ۋە ھېيت- بايراملاردا، شۇنداقلا باشقا
قۇتلۇق كۈنلەردە بۇ يەردىكى كىشىلەر دولان مۇقام-
مەشرەپلىرىنى ئورۇنلاپ ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشىدۇ.
شاقۇرلۇقلار تولىمۇ مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل، چىقىشى-
قاق، ياقا- يۇرتتىن كېلىپ قالغانلارنى ئالاھىدە ئىززەتلەي-
دۇ. ئەگەر سىز شاقۇرلۇقلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالسىڭىز-
لا، بۇ يەردە يېنىڭىزدا بىر تىيىن پۇل يوق ئەھۋالدىمۇ بىرەر
يىلدەك ھايات كەچۈرەلەيسىز. چۈنكى، شاقۇرلۇقلارنىڭ

ھەممىسى يېڭى كەلگەن ئادەملەر (ئەگەر ئۇ دۇرۇس ئادەم بولسىلا) بىلەن دوست بولۇشنى، ئۇنىڭ بىلەن سىردىششىنى، ئۇنىڭدىن ئۆزى كۆرمىگەن ۋە بىلمەيدىغان سىرتقى دۇنيا ھەققىدىكى پاراڭلارنى (شاقۇرلۇقلار يۇرتماكان كۆرۈشنى، سەيلە-ساياھەت قىلىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ) ئاڭلاشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. يېڭى كەلدىمىخۇن (مېھمان) بىلەن نۆۋەتلىشىپ تونۇشۇپ دوست بولۇشىدۇ ۋە ئۆيلىرىدە بىر نەچچە كۈندىن قوندۇرۇشۇپ، ئوغلاق سويۇپ مېھمان قىلىشىدۇ. بۇ يەرگە سىرتتىن كېلىپ قالغانلار كەتكۈسى كەلمەي ماكانلىشىپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ يەردىكى كىشىلەردە «شاقۇرنىڭ تۇزى ئېغىر» دەيدىغان گەپ ئومۇملاشقان.

شاقۇر قەشقەر بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىسىدىكى بىر جاي بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى كىشىلەر قەشقەر-ئاقسۇدولان ئارىلاشما شۋىسىدە سۆزلىشىدۇ. مىجەز-خاراكتېرى قەشقەر خەلقىگىمۇ، ئاقسۇ خەلقىگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە، قۇۋلۇق-شۇملۇق، ھىيلە-مىكىر دېگەنلەرنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەگىتىپ گەپ قىلىدىغان چاغلىرى تولىمۇ ئاز، كۆڭۈل ئاياپ كەتمەيدۇ، تەكەللۇپ قىلىپ يۈرمەيدۇ، ئۇدۇل سۆزلۈك، تۈز كۆڭۈل، مىجەزى قوپالراق، ئەمما كۆڭلىنىڭ يامانلىقى يوق.

شاقۇرلۇقلار ئاساسەن تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. بۇ يەردە بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە كېۋەز، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كۆپرەك تېرىلىدۇ. شاقۇر زېمىنى كەڭرى بىر يۇرت بولۇپ، توغراق ۋە يۇلغۇن كۆپ. بۇ يەردىكى كىشىلەر تاكى 1990-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر توغراق ۋە يۇلغۇن ئوتۇنلىرىنى يېقىلغۇ قىلىپ كەلگەن، ھەتتا ئاتۇش، پەيزاۋات، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كىشىلەر تىراكتور، ماشىنىلىق كېلىپ، شاقۇرنىڭ جاڭگىلىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، توغراق ۋە يۇلغۇن ئوتۇنلىرىنى توشۇپ كېتىشەتتى.

شاقۇرلۇقلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتىمۇ ئۆزگىچەرەك. ئۇلار ئادەتتە كۆكتاتنى ئانچە يەپ كەتمەيدۇ. بۇ يەردە كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدىغىنى قورۇلمىغان تاماقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شورپىلىق ئۇگرە، نارىن، موندەك (قوناق ئۇنى تۇگرىسى)، كۆمەچ، چۆچۈرە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقا يۇرتلاردا، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا چۆچۈرە ئادەتتە سۇيى بىلەن، ئانچەمۇنچە كۆكتات ياكى ئۇگرە ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ. ئەمما شاقۇرلۇقلار بولسا چۆچۈرىنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى تۇگرىگە ئوخشاش چويلىدا قاچىغا سۈزۈپ ئېلىپ يەيدۇ. ئوغلاق گۆشى ۋە كاۋىپى شاقۇرلۇقلار ئەتىۋارلاپ يەيدىغان ۋە مېھماننىڭ ئالدىغا تارتىدىغان تاماق بولۇپ، ئوغلاق ئادەتتە پۈتۈن ياكى پارچىلاپ يۇلغۇن شېخىدىن ياسالغان زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ تونۇردا كاۋاپ قىلىنىدۇ. ئوغلاق گۆشىنى پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىش ياكى قازاندا پىشۇرۇشنى شاقۇرلۇقلار «ئۈچتارتىش» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان ئوغلاق گۆشى ياكى كاۋىپى ئادەتتە توي-تۆكۈنلەردە قۇدىلار ۋە ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شاقۇرلۇقلار ئوغلاقنىڭ ئىچ مېيى، جىگەر ۋە پىيازنى قىيما قىلىپ، تالنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئۇنى كاۋاپ قىلىدۇ. بۇ ياغبەرە دېيىلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپ بەك كۆچلۈك بولۇپ، يېگەندىن كېيىن بەدەننى قىزىتىۋېتىدۇ، ئاشقازاننى ئاجىز، بەدىنى قۇۋۋەتسىز ئادەملەر بۇنداق تاماقنى كۆتۈرەلمەيدۇ ياكى ئىسسىقى ئېشىپ كېتىپ ئاغرىپ قالىدۇ. شاقۇرلۇقلار يەنە قورساق ئاغرىقىغا شىپا قىلىدۇ دەپ قاراپ، ئوغلاقنىڭ ئاچچىق ئۈچەيىنى ئىچىگە چوكا ياكى تاياقتەك بىر نەرسىنى تىقىپ تەتۈر ئۆرۈپ، پاكىز يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. بۇ خىل يېمەكلىكمۇ ئاچچىق-چۈچۈك ھەم يېيىشلىك بولۇپ كىشىلەر تالىشىپ يەيدۇ. شاقۇرلۇقلاردا گۆش يېيىشتە بەسلىشىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇ يەردە ئىشتىھاسى ئەڭ ناچار ئادەممۇ بىر-ئىككى كىلوگرام ئوغلاق گۆشىنى كۆرمىدىم دەپلا سۈمۈرۈۋېتەلەيدۇ. مەن بۇ يۇرتتىكى تۇرسۇن ئايۇپ ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ شۇنداق مۇسابىقىدە پارچىلاپ پىشۇرۇلغان ئىككى ئوغلاقنىڭ تەڭلىگە سېلىنغان گۆشىنى كەينىگە ئېلىپ قويۇپ، خام پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بىر پارچىدىن، بىر پارچىدىن ئېلىپ يەپ بولغانلىقىنى ۋە ئىچى قىزىپ كېتىپ تۇرالماي، بىر كېچە سۇغا چىلىنىپ ياتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بىز ئۇيغۇرلاردا ئۆچكە گۆشى ۋە كالا گۆشى يەل، خاراكتېرى سوغۇق دەپ قارىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى خىل گۆش نىسبەتەن ئازراق

www.uyghurkitap.com



ئىستېمال قىلىنىدۇ، شاقۇرلۇقلار ئەتىۋارلايدىغان ئوغلاق گۆشى ئەلۋەتتە ئۆچكە گۆشىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ئادەتتە تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىقتىن ئاشقان، يېشىغا توشمىغان ھەم قىرقىلمىغان ئوغلاقنىڭ گۆشىدۇر. بۇ خىل گۆشنىڭ خاراكتېرى ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىسسىققا جورىلىدۇ. شاقۇرلۇقلاردا تۇغۇتتىن يېڭى قوپقان ياكى ئاغرىقچان ئاياللارنى ئەنگىزنى ئالىدۇ دەپ قاراپ، ئوغلاق تېرىسىگە ئالىدىغان ئادەت بار.

شاقۇرلۇقلار چارۋىچىلىقتا مەكىت قويى ۋە ئۆچكىنى ئاساس قىلىپ باقىدۇ. بۇ چارۋىلار ئادەتتە توغراقلىقلارغا ۋە توقايلارغا قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۇلار ئاساسلىقى توغراق غازىڭى، چىگە (لوپنۇر كەندىرى)، قامغاق، كۆك يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچىكى، چۇچۇكبۇيىنىڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى تېرىپ يەيدۇ، شاقۇرنىڭ جاڭگاللىرىدا يەنە يەرلىك كىشىلەر شاپ دەپ ئاتايدىغان بىر خىل چاتقالسىمان دەرەخ ئۆسىدۇ، بۇ خىل دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى سۇلۇق ھەم تۇزلۇق بولۇپ، مال-چارۋىلار ئۇنى ياقتۇرۇپ يەيدۇ ۋە يېگەندىن كېيىن كۆپ ئۇسسايدۇ ھەمدە سۇنى كۆپ ئىچىپ ئىتتىك سەمرىيدۇ، گۆشمۇ تەملىك بولىدۇ. شاقۇردا چارۋىسى يوق ئادەم ناھايىتى ئاز، بايلىرىنىڭ ئالدىنىلىق بىرەر 1000 دىن، كەينىنىڭ 300-400 دىن، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ 30-40 تىن جاڭگالدا مال چارۋىسى بولىدۇ. ئۇلاردا بايلىقنى كۆز-كۆز قىلىدىغان ئىشلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، شۇنچە كۆپ مال-چارۋىسى بار كىشىلەرمۇ ئاددىي-ساددا كىيىنىپ يۈرۈيدۇ، چوڭ گەپ قىلمايدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ چارۋىسىنىڭ سانىنى باشقىلارغا ئېيتمەن دەپ يۈرمەيدۇ. ناۋادا قانچىلىك مېلىڭىز بار؟ دەپ سوراپ قالغۇدەك بولسا، ئاللانىڭ بەرگىنى بار دەپلا قويىدۇ خالاس. شاقۇر زېمىنىدا ئۆسىدىغان توغراقلار ئادەتتە ئاچچىق توغراق ۋە قاپاق توغراق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ يەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بەزى قەدىمى توغراقلارنىڭ غولىغا قۇرامىغا يەتكەن ئىككى-ئۈچ ئەرنىڭ غۇلىچى يەتمەيدۇ. شاقۇرلۇقلار ئادەتتە ئۆيگە سۇپا ياسىمايدۇ، ئۇلار ئەنە شۇنداق چوڭ-چوڭ توغراق ياغاچلىرىنى شال تىلىدۇرۇپ، كات دەيدىغان سۇپاسىمان بىر نەرسىنى قۇرۇپ، شۇنىڭ ئۈستىدە يېتىپ قوپىدۇ. بۇ سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدە ياتقاندا بەدەن زەي تارتىپ قالمايدۇ، رېماتىزىمنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كاتنىڭ ئاستىغا بەزى زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، قوغۇن-تاۋۇز ۋە قىشلىق كۆكتاتلارنى قويۇپ ساقلىغىلى بولىدۇ. ئاچچىق توغراقنىڭ يوپۇرمىقى قىرتاق بولغاچقا، مال-چارۋىلار ئانچە يەپ كەتمەيدۇ. قاپاق توغراقلارنىڭ شېخى مالغا چارتاپ بېرىلىدۇ، شاخ چارتاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابنى شاقۇرلۇقلار ئوراق دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئورغاق شەكىللىك تۆمۈر ئەسۋاب بولۇپ، بەزىلىرى پولات شاردىن سوقۇلغان بولىدۇ. تۆت-بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياغاچتىن ساپ ئورنىتىلىدۇ، تولىمۇ ئۆتكۈر، ئۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ بىلىكى ۋە پاقالچىكى چوڭلۇقىدىكى توغراق شاخلىرىنى ئانچە قىينالمايلا چارتىغىلى بولىدۇ. بۇنداق ياۋا شاخلىرى چارتىۋېتىلگەن توغراقلار تۈز ۋە ساغلام ئۆسىدۇ، ياغىچى يارامىلىق بولىدۇ، ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. شاقۇرلۇقلارنىڭ ئۆي سېلىش ئادىتىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلار تاكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغا قەدەر ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئۆينى يەرلىكلەر سىنجا تاملىق ئۆي دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئۆي ئاستى (ئۇلى) — ئۇستىگە تۆشۈك ئېچىلغان زەگىندە (تەگلىك ياغاچ) قويۇلۇپ، زەگىندە ئارىسىغا سىنجا (ئادەمنىڭ پاقالچىكى ياكى يوتىسى چوڭلۇقىدىكى توغراق ياغىچى) ئېلىنىپ، ئاساسلىق قۇرۇلمىسى (رامكىسى) تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، سىنجىلار ئارىسىغا بىر قۇر خام خىش تىزىلىپ، خىشلار لاي بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، بى خىل تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈستى كاكۇل لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ، بۇنداق ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئۆيلەر قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدۇ. يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق بولۇپ، كەلكۈندە قالغان تەقدىردىمۇ، سىنجا ئارىسىغا ئېلىنغان خام خىشلار سۇدا ئېرىپ ئېقىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۆينىڭ رامكىسى ساقلىنىپ قالىدۇ، تام ياكى ئۆگزە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئادەمنى بېسىۋېلىپ، جانغا زامىن بولىدىغان ئىشلار بولمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل ئۆيلەر ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

شاقۇر زېمىنىدا چۇچۇكبۇيا، توغراق غارىقونى (موگۇسى)، چۆل كېپىزى (توشقان زەدىكى)، ئاچچىق تاۋۇز (ياۋا تاۋۇز) قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك

دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. يەرلىك كىشىلەر چۈچۈك-
بۇيىنىڭ يىلتىزى ۋە چۆل كېپىزى قاتارلىقلارنى كولاپ ئە-
كىلىپ سېتىپ قوشۇمچە كىرىم قىلىدۇ، بىراق يېقىنقى ئون
نەچچە يىلدىن بۇيان ئالاقىدار ئورۇنلار ئېكولوگىيەلىك
تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ۋە يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش
ھەققىدە بەلگىلىمە چىقارغاندىن كېيىن چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى
كولاش مەنئى قىلىندى. شاقۇرلۇقلاردا توغراق سۈيى
تۈرلۈك كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ ۋە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ
دەيدىغان قاراش بار، شۇڭا بۇ يەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر-
دە توغراق سۈيىنى ئىچىدىغان ئادەت ساقلانغان.

شاقۇرلۇقلارنىڭ توي مۇراسىمى باشقا يۇرتلارنىڭكە-
دىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، پەقەت ئوخشىمايدىغان
بىرلا ئادەت بار. يەنى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، كە-
شىلەر تويىنىڭ غىزاسىغا ئېغىز تېگىشكە باشلىغان چاغدا
يىگىت تەرەپتىن بىر ئاقساقال ۋە قىز تەرەپتىن بىر نوپۇز-
لۇق ئايال ئوتتۇرىغا چىقىپ، توي قىلغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق-
تۇغقانلىرى ۋە تويغا ئىشتىراك قىلغۇچىلار سوۋغات سۇنۇ-
پ
تىدە ئېلىپ كەلگەن رەخت، پۇل-پۇچەكلەرنى پالانىنىڭ
بىر كىيىملىك دۇخاۋىسى ياكى پۇستانىنىڭ بىر بەلباغلىقى،
مانچە پۇل ئاتىغىنى باركەن دەپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا
بىرمۇبىر ئېلان قىلىدۇ.

شاقۇرنىڭ ئۆلۈم-يېتىم ۋە دەپنە ئادەتلىرىمۇ باشقا
يۇرتلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ
يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى مېيىتنى ئۇ-
كەككە سېلىپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ ئىپتىدائىي ئىزناسى
قىسمەن ساقلىنىپ قالغان. يەنى شاقۇرنىڭ زېمىنى
قۇمساڭ بولۇپ، كۆپىنچە جايلاردا گۆر كولىغاندا، ئىچ
يەرلىك ئالغىلى بولمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن بەزى چاغلاردا
مېيىت توغراقنىڭ نورىغا سېلىنىپ دەپنە قىلىنىدۇ.

شاقۇرنىڭ جاڭگاللىرىدا ياۋا توڭگۇز، ياۋا توشقان،
جەرەن، مولۇن، تۈلكە، قارچۇغا، مۈشۈكياپىلاق، قىرغا-
ۋۇل، ئاق يەر يىلنى، كىلەر، تاختاق، سېرىق قۇيرۇق
(چاشقان ئائىلىسىگە تەۋە جانلىق)، چۇغۇندەك (بىر خىل
قۇش)، كۆك ئىشكەل (كۆك كەپتەر، ياۋا كەپتەر) قاتار-
لىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدۇ. كۆكيۇن،
سالجا، كانا، ئىستەپ تاپار (بىر خىل كۈمۈتسمان ھاشا-
رات) قاتارلىق زىيانلىق جانلىق ۋە پارازىت ھاشاراتلارمۇ
كۆپ. شاقۇرلۇقلار كۆك ئىشكەل (ياۋا كەپتەر)نى بو-
غۇزلاپ، قېنىنى قول-پۇت، بەلنىڭ ئاغرىغان قىسمىغا تې-
مىتىپ دورا قىلىدۇ. چۇغۇندەكنىڭ تۈك ۋە پەيلىرىنى
زىققا كېسىلىگە شىپا بولىدۇ دەپ قاراپ، تاماكا ئورنىدا
چېكىدۇ. شاقۇرلۇقلاردا يەنە كىرپىنى تىرىك پېتى سېغىز-
لاينىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، قىزىتىلغان تونۇردا دۈملەپ پىشۇ-
رۇپ، گۆشىنى سىيگەك بولۇپ قالغان ياكى تاش بۆرەكى
ئىششىپ يوغىناپ قالغان كىچىك باللارغا يېگۈزۈپ، داۋا-
لايدىغان ئادەت بار.

شاقۇر گەرچە ئۆزى كىچىك بىر يۇرت بولسىمۇ،
ئەمما بۇ يەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تارىخى ۋە تارىخىي
ئىزلىرى بار. بۇ يەردىكى قەدىمي جايلاردىن نۇقتىلىق
قىلىپ توققۇز قىزلىرىم مازىرى، سائادەتباينىڭ گۈمبىزى،
قارا ساي قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. يۇرت چوڭ-
لىرىنىڭ ئېيتىشىچە، يۇقىرىدا ئىسمى قەيت قىلىنغان مازار
ۋە گۈمبەز 300 يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە ئىكەن.
سائادەتباي شاقۇرنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشىگە
ھەسسە قوشقان، ئۇل سالغان، تۇنجى بولۇپ بوز يەر
ئاچقان ۋە ياقا-يۇرتلاردىن ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ
كېلىپ، شاقۇرغا ماكانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە
ھالىدىن خەۋەر ئالغان ساخاۋەتلىك كىشى، يۇرت ئاقساق-
لى ۋە يەرلىك باي ئىكەن. توققۇز قىزلىرىم مازىرىغا
كەلسەك، ئەينى يىللاردا جوڭغارلار باستۇرۇپ كەلگەندە،
يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قانلىق
كۈرەش قىلغان بولۇپ، توققۇز قىز ئەنە شۇ كۈرەشتە با-
تۇرلارچە جەڭ قىلىپ شەھىت بولغانىكەن ۋە توغراقلىقنىڭ
ئىچكىرىسىگە دەپىن قىلىنغانىكەن. ئەمدى قارا سايغا
كەلسەك، شاقۇرنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 30 كى-
لومېتىر يىراقلىقتا قۇم-شېغىللىق، تۈپتۈز كەتكەن، تەخمى-
نەن 300 گېكتار كۆلەمدىكى بىر سايلىق بار، بۇ جاي يى-
راقتىن قارىماققا قارا رەڭدە كۆرۈنىدۇ، شۇڭلاشقا يەرلىك
كىشىلەر ئۇنى قارا ساي دەپ ئاتايدۇ. بۇ جايدىكى قۇم-
شېغىللارنى 30-40 سانتىمېتىر كولىغاندا تۈرلۈك رەڭ ۋە
شەكىللەردىكى سۈزۈك ھەم چىرايلىق تاشلار چىقىدۇ،
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇرۇتۇلغان كىشمىش ئۈزۈم ۋە باشقا
مېۋىلەرگە، بەزىلىرى پاقا ۋە باشقا جانلىقلارغا ئوخشايدۇ.
بەزى جايلىرىنى چوڭقۇرراق كولىسا ئاق رەڭلىك،
سۈزۈك خىرۇستال تاشلارمۇ چىقىدۇ، بۇ خىل تاشنى
قۇياشقا تۇتۇپ قارىغاندا، بىر قۇياش ئالتە-يەتتە بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرۈندۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ بىر سىرلىق جاي بولۇپ، كېچىسى خورازنىڭ چىللىغان، ئىتلارنىڭ قاۋىغان، قوي- كالا، ئات- ئېشەكلەرنىڭ مۆرىگەن، مەرىگەن، ھاڭ- رىغان ۋە كىشىنىگەنلىرى، كىملەرنىڭدۇر قاقاھلاپ كۈلگەن ۋە يىغلىغان ئاۋازلىرى، ھۆپپەكلەرنىڭ خېرىدار چىللاشلىرى ئاڭلىنىدىكەن. يېشى 90 دىن ئاشقان بەزى مويسىپىتلارنىڭ قەيت قىلىشىچە، قاراساي ئەسلىي بىر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ، قۇمغا غەرق بولۇپ كەتكەن بولۇشى، خەلق چۆچەك ۋە ئەپسانە- رىۋايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنىدى- غان كىتىك شەھىرى شۇ بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

شاقۇرلۇقلار باشقا يۇرت خەلقىگە ئوخشاشلا خۇش چاقچاق ۋە يۇمۇرىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا بىر- بىرىنى لەقىمى بىلەن قوشۇپ ئاتايدىغان ئادەت بار. ئادەتتە كىشىلەر بىراۋنى ئىزدىمەكچى ياكى دېرىكىنى ئالماقچى بولۇپ باشقىلاردىن گەپ سورىغاندا، ئىزدىمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى لەقىمى بىلەن قوشۇپ ئېيتمىسا، كۆپىنچە ئادەملەر تونۇمايدىغانلىقىنى ياكى ئېسىگە ئالالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەردە كۆپ ئۇچرايدىغان كىشى لەقەملىرى تۆۋەندىكىچە: قاسىم ئۆردەك، مۇسا مەگىلەك، داۋۇت قاقشال، ساۋۇت توغراق، ئەمەت ساقال (بۇ ئەسلىي كوسا ئادەم ئىدى — ئا)، خېلىل داخىڭگە (دىمىقى ئۇستۇن، ھاكاۋۇر دېگەن مەنىدە — ئا)، يۇنۇس يەكەن، ئابدۇكېرەم قەشقەر، ۋەلى پوم، مەخەم تۆمۈرچى، توختى بوجاڭ (بۇرۇنقى يېزا باشلىقى دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك — ئا)، گۇلسۇم قايماق، ئىمىن مەزىن، ئابدۇۋەلى باۋۇش، ئوبۇل ماتۇر، ئوبۇل تاجى، سىدىق تورغاي، ئېلى قىزىل تۇمشۇق، ئاۋۇت قاسساپ، كېرەم خاڭتۇ (مەنىسىنى بىلەلمىدىم — ئا)، ياسىن تۆمۈرچى، مامۇت بانكا، توختى چۆرگىلىمەچ، ھوشۇر قاپقان، ئىبراھىم تېرىچى، ئىمىن دۇكان، مۆمىن ئەسكەر، داۋۇت ساقچى، قۇربان بۇرۇت ... ۋەھاكازا.

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شاقۇرلۇقلار ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىدا، قەشقەر- ئاقسۇ- دولان شېۋىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىشىدۇ، ئەمما بۇ يەردە يەنە يەرلىك خەلقلەرلا چۈشىنەلەيدىغان، شاقۇرلۇقلارغىلا خاس بەزى شېۋىلەرمۇ ساقلانغان. تىل- شۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندە مەن بۇ شېۋە سۆزلىرىدىن خاتىرە قالدۇرغانلىرىمنى ئو- قۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنىمەن:

1. چۇۋىچ — يېشىغا يەتكەن، قىرقىلغان، تېخى تۇغ- مىغان چىشى ئوغلاق.
2. چىتەن — يۇلغۇن چۇۋىقلىرىدا توقۇلغان بورىسە- مان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ئادەتتە ھارۋا شوتىسىنىڭ گىرۋىكىگە قاشا سۈپىتىدە ئورنىتىلىپ، سامان توشۇغاندا ئىشلىتىلىدۇ، چىتەن باغلانغان ھارۋىغا ساماننى جىقراق باسقىلى بولىدۇ.
3. ئوراق — دەرەخ شېخىنى چارتاشقا ئىشلىتىلىدى- غان ئورغاقسىمان تىغلىق ئەسۋاب.
4. شاپ — جاڭگالدا ئۆسىدىغان بىر خىل چاتقالسى- مان دەرەخ.
5. ياغبەرە — ئوغلاقنىڭ تېلى ئىچىگە جىگەر، پىياز، ئىچ ماي قاتارلىقلارنى توغراپ قىيما قىلىپ تىقىپ، تونۇر- دا پىشۇرۇلغان كاۋاپ.
6. زەگىندە — ئۆيىنىڭ ئۈلى ۋە تورۇسنىڭ گىرۋە- كىگە ئىشلىتىلىدىغان ياپىلاق ياغاچ.
7. سىنجا — زەگىندىگە مىندۇرۇلىدىغان تومىلاق ئۇق ياغاچ.
8. لالما يەر — ئۇزاق مەزگىل تېرىلماي ئاق پېتى تاشلىۋېتىلگەن ياكى ئېچىشقا بولىدىغان بوش يەر.
9. چول — كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ باسقان كىچىك- رەك كۆل ياكى سۇ تۇرۇپ قالغان كۆلچەك.
10. كۆك ئىشكەل — كەپتەرنىڭ ياۋسى، كۆك كەپتەر.
11. ساتما — قوغۇن- تاۋۇز ئېتىزلىرىغا ياكى مالچىلار توغراقلىقلار ئارىسىغا دەرەخ شاخلىرىدىن ياسى- غان كەپە.
12. چۇغۇندەك — مۇشۇكياپىلاققا ئوخشاپراق كې- تىدىغان، جۇغى ئۆينىڭدىن كىچىكرەك بىر خىل قۇش.
13. ئۇچتارتىش — ئوغلاق ياكى پاقلان گۆشىنى پۇتۇن پېتى سۇدا پىشۇرۇش ياكى كاۋاپ قىلىش.
14. باسقا — شوتا.
15. بالداق — ئەپكەش.
16. قالجاق — جەرەننىڭ چىشىسى (بالىلىقىنى).

شاقۇرلۇقلار دولان دىيارىدا ياشايدىغان باشقا ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا ئوخشاشلا ئوۋ ئوۋلاشقا ھېرىسمەن

بولۇپ، ئۇلار قارچۇغا، قۇش (بۈركۈت)نىڭ ياۋىسىنى تۇتۇپ، ئۇنى كۆندۈرگەندىن كېيىن خام تېرىدىن تىكىلگەن پەلەينى كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارچۇغا ياكى بۈركۈتنى قوندۇرۇپ، ئاتلىق ھالدا جاڭگال ۋە توقايلاردا ياۋا توشقان ۋە جەرەن قاتارلىقلارنى ئوۋلايدۇ. شاقۇردا بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىش پەسلىدە مەھەللە بويىچە جەم بولۇپ، چارشەنبە ۋە شەنبە كۈنلىرى كوللېكتىپ ياۋا توشقان ئوۋلاشقا چىقىدىغان ئادەت بار. بۇ خىل ئوۋنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بىر ـ ئىككى مەھەللىدىن 500 ـ 600 دەك قۇرامىغا يەتكەن ئەركەكلەر توپلىشىپ، ھەربىرسى بىردىن يۇلغۇن كۆتىكىدىن ياسالغان چوماقنى ئېلىپ، ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا جاڭگال توقايلاردا ھويقۇيتۇپ ماڭىدۇ، بۇنداق كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ ھويقۇيتىشىدىن شەكىللەنگەن ئاۋاز تولىمۇ ياڭراق ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، بۇنى ئاڭلىغان ياۋا توشقانلار قورقۇپ، ئۇۋىسىدىن چىقىپ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتراپ قاچىدۇ، ئولجىنى كۆرگەن ھامان ھەر بىر ئادەم قولىدىكى چوماقنى ئولجىغا قارىتىپ ئاتىدۇ. بۇ خىل ئوۋ ئوۋلاش مۇراسىمىغا ئادەتتە ئۆزىنى توختاتقان، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن، مەھەللىدە ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر ئاقساقال قىلىپ سايلىنىدۇ. ئوۋ جەريانىدا ھەممە بىردەك ئاقساقالنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇشى، ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولماي بويۇنتاۋلىق قىلغانلار سەپتىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاقساقال تولىمۇ ئەقىللىق ۋە ئادىل بولۇپ، ئولجىغا كىمنىڭ ئاتقان چومىقى باشتا تەگكەنلىكىنى نۇقسانسىز بىلەلەيدۇ ۋە ئولجىنى ئەڭ باشتا چوماق ئېتىپ تەگكۈزگۈچىگە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ ئاتقان چومىقى ئولجىغا تەگكەن، ئەمما يىقىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپ كەتكەن، ئۇنى ئىككىنچى بىرسى سوقۇۋالغان ۋە يىقىتقان بولسا، ئولجا ئىككىنچى قېتىم سوقۇۋالغۇچىغا بۇيرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر ئولجىغا ئىككى ياكى بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئاتقان چومىقى تەڭ تەگكەن بولسا، ئاقساقالنىڭ ئۇنى ئارىدىكى بىرەرسىگە بۇيرۇغىنىدىن نارازى بولۇپ تالاش ـ تارتىش قىلىنسا، ئۇ چاغدا ئولجا ھېچكىمگە مەنسۇپ بولمايدۇ ۋە ئاقساقالنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شاقۇرلۇقلارنىڭ بۇ خىل كوللېكتىپ ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتى كىشىگە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى، يەنى ۋار ـ ۋارلىق دەۋرىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى ۋە شۇ چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلىتىدۇ. بەلكىم بۇ ئاشۇ ئۇزاق قەدىمكى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيىتىنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ئىزناسى ۋە نامايەندىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەرزىيدۇ. ئەپسۇس، مەن يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ھەر ئىككى كەسىپنىڭ ئەھلى ئەمەس، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى مۇشۇ ساھەدىكى قىزىققۇچى ئالىملارنىڭ ئىشلىشىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن شاقۇرغا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا كەلگەن، ئۇ چاغدا شاقۇرنىڭ يوللىرى توپا بولۇپ، شاخ ـ شۇمبا ۋە ئاندا ـ ساندا شېغىل بېسىلغان ئىدى. بۇ يوللاردا پەقەت چولڭ تېپتىكى تىراكتورلار ۋە ئات، كالا ھارۋىلىرىدىلا ماڭالايتتى، قاتناش قوراللىرى ماڭغاندا يولدىن توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ، ئادەمنىڭ ئۈستىبېشىغا قونۇپ تونۇغۇسىز قىلىۋېتەتتى، توپىلار قاتناش قورالىنىڭ چاقىغا ئەگىشىپ خۇددى دەريا سۈيىدەك يۇرقىراپ ئاقاتتى، ئارىدىن 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى، زامان ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شاقۇر ۋە ئۇنىڭ مۇھىتى، يوللىرى، خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە ياخشىلىنىشلار بارلىققا كەلدى. ئەينى يىللاردىكى توپا يوللار بۈگۈنكى كۈندە ئاسفالتلاشتى. بۇ يازمىدا تىلغا ئالغانلىرىم 15 ـ 20 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئۇچۇرلاردۇر. بۇنى شاقۇر ھەققىدە يېزىلغان مۇكەممەل خاتىرە دەپ ئېيتالمايمەن، يەنە تولۇقلاشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار بار بولۇشى مۇمكىن. شاقۇرنى، ئۇ يەردە بىللە ئويناپ چولڭ بولغان دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى، كىچىكىمدە قوي باققان توقايلىقلارنى، كەچ كۈزدە يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ ئالتۇن رەڭدىن تۇس ئالىدىغان توغراقزارنى، قىزغۇچ يۇلغۇن چېچەكلىرى بىلەن قاپلىنىپ كېتىدىغان دالىلارنى خويمۇ سېغىندىم. پۇرسەت بولسا بېرىپ، گۆدەك چاغلىرىمدا مەسۇم ئىزلىرىم قالغان بۇ مېھرى ئىسسىق زېمىننى كۆرۈپ كەلگەيمەن. ئۇمىدىم شۇكى، شاقۇر ۋە ئۇ يەردىكى قېرىنداشلار ئامان بولغاي.

(ئاپتور «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)



# خاتتۇشا

## (خىتىم شەھىرى)



**خىتىم مەدەنىيەت مۇزېيى**

ئانودولو مۇزېيى (خىتىم مەدەنىيەت مۇزېيى) دۇنيا بويىچە ئەڭ داڭلىق مۇزېيلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە كۆرگەزمە قىلىنىدىغىنى، ئىنسانىيەت قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان — خىتىم مەدەنىيىتى بىلەن ئاسسۇرىيە مەدەنىيىتىدۇر.

بۇ مۇزېي ئەنقەرە شەھىرىدىكى بىر خارابە قەلئە ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، 1464-يىلى، يەنى 12-ئەسىردە سېلىنغان، تۆۋرۈكلۈك قۇببە شەكىللىك ئىمارەت. بۇ يەر ئەسلىدە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ۋاقتىدىكى سودىگەرلەر چۈشىدىغان دەڭ بولۇپ، كېيىن ئوت ئاپىتى تۈپەيلىدىن تاشلىۋېتىلگەن. 1921-يىلى تۈركىيە ھۆكۈمىتى بۇ مۇزېيغا ئۇل سېلىپ، 1967-يىلى رەسمىي سىرتقا ئېچىۋەتكەن. مۇزېيدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇملار ئومۇمەن يىل تەرتىپى بىلەن تىزىلغان. بۇ مۇزېي خىتىم مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئاخىرقى باسقۇچتا زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەندەك تارىخىي جەريانلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭدەك خاتتى مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز خىتىم مەدەنىيىتى داۋاملاشتۇرغان ھەم بۇ جەرياندا مېسوپوتامىيە، پولەك، كەنئان مەدەنىيەتلىرىنى ۋە شۇنداقلا مىسىر مەدەنىيەتلىرىنىمۇ تەدرىجىي قوبۇل قىلغانلىقىدەك تارىخىي جەريانلاردا قالدۇرغان چوڭقۇر ئىزنالىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن خىتىملارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تىل يېزىقى، يەنى شىنا يېزىقىدىكى لاي تاختىلار، دىنىي ئېتىقادى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق، قاپارتما نەقىش قاتارلىق جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى كۆپ تەرەپلىمىلەر ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە خىتىملار تۈزگەن قانۇن-نىزاملار ئىنسانىيەت قەدىمكى مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا.

مۇزېيدىكى كۆرگەزمە بۇيۇملار تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن:

1-بۆلەكتە، كۆرگەزمىگە قويۇلغىنى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7500-يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5500-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاش قوراللار دەۋرىدىكى بۇيۇملار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئانادولۇدا ھازىر يوقاپ كەتكەن بىر قەبىلە ياشىغان، بۇ قەبىلىدە ئۆتكەن كىشىلەر غاردا ياشىغىنى بىلەنمۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، دەسلەپكى يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىي دەۋرىدە تۇرغان. بىراق ئاشۇ غارلاردىن ئېلىپ كېلىنىپ كۆر-

گەزمىگە قويۇلغان قىيا تاش رەسىملىرىگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاللىبۇرۇن رەڭگارەڭ مەزمۇن بىلەن تولغان، بۇ قىيا تاشلارغا سىزىلغىنى ھەرخىل تۈستىكى ئادەملەر، ھەر خىل ھايۋان ۋە ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈش، شۇنىڭدەك ئاللىبۇرۇن لاۋا ـ جىنسىستىن پايدىلىنىپ، سوقۇپ ياسالغان ھەرخىل ئەسۋابلار ئىدى.

2 ـ بۆلەكتە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5500 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مىس قوراللار دەۋرى ئەكس ئەتكەن. بۇ ۋاقىتتا كىچىك ئاسىيالىقلار ئاللىبۇرۇن مىس تاۋلاشنى بىلىپ بولغان. ئۇلار يالغۇز مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇپ قالماستىن، ئومۇمىيۈزلۈك كۈچلۈك بولغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىغان. ئارخېئولوگ ئالىملىرى بىر نۇقتىنى يېشەلمەي شۈبھىلىنىپ كەلگەنىدى، چۈنكى ئۇلار تا ھازىرغىچە ئاساسلىق قەلەي كېنى مەنبەسى ياكى قەلەي كېنىنى تاۋلاپ ئېرىتىشكە ئىشلەتكەن بىرەر ئوچاقنى ئىسپات قىلىپ كۆرسىتەلمىگەن، ھەتتا بۇ سىر تاكى 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندىمۇ تېخىچە يېشىلمەي كەلگەن بولۇپ، مانا بۇنىڭ يەشمىسىگە ئانادولو يەنە بىر قېتىم جاۋاب قايتۇردى. ئەسلىدە كىشىلەر ئانادولونىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر تارسۇسنىڭ (TARSUS) شىمالىدىن 60 ئىنگلىز لىسى سىرتىدا بىر قەلەي كېنىنى يەنە زور مىقداردىكى قالدۇق قەلەي كېنىنى ۋە ساناقسىز كىچىك تىپتىكى ساپالدىن ياسالغان ئېرىتىش قازانلىرىنى بايقىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭلىرى ئادەتتە تاماق ئېتىدىغان قازانچىلىك چوڭلۇقتا ئىدى. مانا بۇ تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 3290 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1840 ـ يىللىرىغىچە بۇ يەرنىڭ بىر بىرونزا (مىس، قوغۇشۇن، قەلەي ۋە ئالىيۇمىن قېتىشمىسى) تاۋلاش مەيدانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

3 ـ بۆلەك، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارنىڭ ئارىلىقىدا بولغان. بۇ كىچىك ئاسىيالىقلار ئاللىقاچان مىس قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كىرىپ بولغان ۋاقىت. شۇ ۋاقىتتىلا «ℵ» بەلگە مىستىن ياسالغان ھەر خىل بۇيۇملارغا چۈشۈرۈلگەن. بولۇپمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2300 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ھەر خىل مىس بۇيۇملار ۋە مىس قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتكەن. بېزەك بۇيۇملىرى ئىچىدە، مەسىلەن، قېزىپ چىقىرىلغان مىس بۇغا، مىس قويلار ئىنتايىن نەپىس قۇيۇلۇپ ياسالغان.

4 ـ بۆلەك، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1950 ـ يىلىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1750 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ھىندى ياۋروپا ئىرقىدىكى خىتمىلىقلار كىچىك ئاسىياغا قەدەم باسقان. ھازىرمۇ بوغاز كوي خارابىلىكىدە ئۇلارنىڭ قەلئە ۋە تۇرالغۇلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئەڭ ئاۋۋالقى ئاھالىسى «خاتتۇش» دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەنىسى خاتتىلارنىڭ زېمىنى دېگەن مەنىدە ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا خاتتىلار بىلەن باشقا بىر كۆچمەن ئۇرۇشقاق قەبىلە ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولۇپ، خاتتۇشلىقلار جەڭدە ئۇلارنى ھالاك قىلغان. كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر تۈركۈمى تۇيۇقسىز خاتتىلارغا قارىتا ئىسيان كۆتۈرۈپ، خاتتۇشنى ۋەيران قىلىپ تۈزلىۋەتكەن. يېڭى كەلگەن مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر مىللەت خاتتۇشنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپ، نامىنى خاتتۇشا دەپ ئاتىغان ھەم مەركەزگە ئايلاندۇرغان. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى خاتتۇشلى دەپ ئۆزگەرتكەن. بۇ دېگەنلىك «خاتتۇشالىقلارنىڭ پادىشاھى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇشۇنىڭدىن باشلاپ خاندانلىق قۇرۇلغان. لېكىن ھازىرقى زامان ئارخېئولوگ ئالىملىرى تېخىچە بۇ يەردىكى يېڭى مىللەتنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە تۈركۈملەپ كەلگەنمۇ ياكى بىر ـ بىرلەپ كېلىپ كۆپەيگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، مانا بۇ خىتىم پادىشاھلىقىنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ پادىشاھقا بېقىنغۇچىلار بولسا خىتمىلىقلار دەپ ئاتالغان.

تەرجىمان ئىلاۋىسى: ئەسەردىكى خاتتۇشا دېگەن ئاتالغۇ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بىر نەچچە خىل خەت شەكلى بىلەن ئېلىنغان (ئىرناقتىكى ئىنگلىزچە سېلىشتۇرمىسى) مەسىلەن،

哈图萨 (Hattusa)، 汉梯沙 (Hattusha) دەپ ئېلىنغان؛

خىتىم دېگەن ئاتالغۇ بولسا (Hattush، Hitit) 汉梯، 哈梯، (Hatti) 赫梯 دەپ ئېلىنغان؛

خىتىم مىللىتى: 哈梯族 (Hatti)، 赫梯族 (Hittie)

خىتمىلىقلار: 哈梯人 (Hattic)، 赫梯人 (Hittie) دەپ ئېلىنغان؛

شۇڭا ئاساسەن ئاھاڭ تەرجىمىسى ئېلىندى.

(دۇنيا مىراسلىرى كىتابىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر)

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)

# ئاۋات خەلقىدىكى جەمەت لەقەملىرى



بۇخەلچەم ئابدۇۋەلى

ئۇيغۇرلار ئۇرۇق - قەبىلە شەكلىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋاقىتلاردىن تارتىپلا قەبىلە نامى، لەقەملەرنى قوللىنىپ كەلگەن. ئۇلار ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۇرۇق - جەمەتتىن قەبىلىگە، قەبىلىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن مىللەت گەۋدىسىگە قاراپ ئۆزگىرىشتەك جەريانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار نەسەبى، قەبىلە نامى قاتارلىقلارنى تەدرىجىي تاشلىغان. ئەمما ئۇيغۇرلاردا ھازىرقى شارائىتتا، تارىخىي ئەنئەنىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى سۈپىتىدە ئۆز جەمەتى بىلەن بولغان قانداشلىقنى ئىپادىلەشتە ۋاستە بولىدىغان جەمەت لەقەملىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ لەقەملەر ئاۋات خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، جەمەت لەقەملىرى ئاۋات خەلقىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدىكى كۆرۈنەرلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

لەقەم ماكان، زامان ۋە دەۋر تۇسىغا ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ روشەن مىللىي خاسلىقنى، مۇئەييەن ئېستېتىك ئاڭنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنداقتا، ھارام توشقان لەقەملىك ئاۋات خەلقى ئارىسىدا جەمەت لەقەملىرىنىڭ بۈگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسلىرىنى نېمىلەردىن ئىزدەش كېرەك؟ بۇ لەقەملەر ئاۋات خەلقى تۇرمۇشىدا قانداق رول ئويناپ كەلدى؟

ئاۋات — مەمۇرىي جەھەتتىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. شىمالىي قىسمى بوستانلىق ھەم تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى توغراقلىق، قۇملۇق، چاتقاللىق؛ يەرلىك خەلقلەر ئۇزاق تارىخىي مۇساپە جەريانىدا، چەكسىز قۇملۇق، توغراقلىق، يايلاقلاردا چارۋىچىلىق ۋە قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەھەر مەدەنىيەت تەسىرىگە كۆپ ئۇچراشماي ياشاپ كەلگەن.

ئاۋات خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇرۇق - تۇغقان سۈرۈشتۈرۈش، جەمەتىنى بىلىشتە ئاساسلىق لەقەمگە تايىنىش ئەنئەنە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ جەمەت لەقەملىرى ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە مىراس قىلىش نەتىجىسىدە، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى باغلايدىغان، كىشىلەرنىڭ

تېگى ـ تەكتىنى، مەلۇم توپ بىلەن بولغان ئىجتىمائىي بىرلىك مۇناسىۋەتنى ئىنقىلاپ بېرىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە مۇھىم فۇنكسىيەگە ئىگە بولغان.

ئاۋات خەلقىگە جەمەت لەقەملىرىنىڭ شۇنچە كەڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە بۇگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بىر قانچە تەرەپلەردىن كۆرستىش مۇمكىن.

**1. يەرلىك كىشىلەر ياشىغان تەبىئىي جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ تەسىرى**

ئاۋاتنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن قارىغاندا، سازلىق، جاڭگاللىق، قۇملۇق، توغراقلىقنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى بىر قەدەر كۆپ. ئەسلىدىكى نوپۇس سانى ئاز بولغان يەرلىك خەلقلەر ياشىغان زېمىن كەڭ، تارقىلىشى تارقاق، دەشت ـ باياۋان چەكسىز بولۇشتەك ئامىللار تۈپەيلى، شۇ كەڭ زېمىندىكى ئازغىنا كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان نام مەلۇم شەخسكە لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغان، كېيىن بارا ـ بارا ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ئىپادىلەيدىغان جەمەت لەقىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنداق لەقەملەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تۇلكىلەر، كارەكلەر، كالۋالار، خالتىلار، كالپۇكلار، قاندجۇقلار، چارالار، مۇشۇكلەر، شاقەلەندەر، موغاللار...

**2. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى يېتىلگەن پىسخىكا، جەمەتچىلىك ئېڭى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تەسىرى**

يۇقىرىدا تەكىتلەنگىنىدەك، ئاۋات خەلقلىرى ياشىغان قۇملۇق، دەشت ـ باياۋانلىق بىلەن بوستانلىق گىرەلەشكەن جاپالىق مۇھىت، يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز بولۇش، تارىخنىڭ ئەگرى ـ توقاي سىناق ۋە بېسىملىرى، ياۋلارنىڭ زۇلۇملىرى، بوز يەر ئۆزگەرتىش داۋامىدىكى جاپالار ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قەيسەرلىك، مەردلىك، قوپاللىق، توپلىشىشقا مايىللىق، كىچىككىنە نەرسىدىن بولسىمۇ خۇشاللىق تېپىشقا ئامراقلىق، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەنلىك، كۆلكە ـ چاقچاق، يۇمۇرغا سىزگۈر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ بۇ كەڭ زېمىندا بىر ئۇرۇق توپى بويىچە ئولتۇراقلىشىپ ياشاش ئادىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ كېلىشى جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە لەقەم سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىر ئىجتىمائىي توپتىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىش، ئايرىشتىكى مۇھىم ۋاستە بولغان.

ئاۋات خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا مۇقام ـ مەشرەپ، كۆلكە ـ چاقچاق مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىنىڭ كەڭ، خەلقنىڭ توپلىشىش پۇرسىتىنىڭ كۆپ بولغانلىقى نۇرغۇن لەقەملەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا قويۇلۇپ سىڭىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان.

**3. ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك لەقەملەرنىڭ تەسىرى**

ئاۋات خەلقىنىڭ لەقەملىرى كۆپىنچە ھاللاردا سەلبىي مەنىلىك تۈس ئالسىمۇ، ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاش، پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، ئۆزلىرىنى ئېسىل نەسەبكە باغلاش ئارزۇسى بىلەن لەقەملەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ئۇلۇغلارنىڭ لەقەم ئاتا قىلغىنىغا چوڭقۇر ئىشىنىشتە بولغان. بولۇپمۇ خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق لەقەملىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ مۇشۇ دىياردا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى ئاۋات خەلقىگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئاپاق خوجا بارغانلا يېرىدە لەقەم قويۇپ ماڭغان. ئاپاق خوجىنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەنگەن خەلق ئۇنى خىزىر سۈپىتىدە تونۇغاچقا، ئاپاق خوجا قويغان دەپ قارالغان لەقەم تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. تامتوغراق يېزا ئۇجمە كەنتىدىكى كارەك جەمەتىدىن بولغان 102 ياشلىق دېھقان بوۋاي نۇردۇن ھاشىر (ھاشىر تەيجىنىڭ ئەۋلادى)نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ يۇرتتىكىلەر ئاساسەن كارەك جەمەتىدىن، يەنە بىر جەمەت بولسا كالۋا جەمەتىدىن (باشقا كىچىك جەمەتلەرمۇ بار). بۇ لەقەمنى ھەزرىتى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) قويۇپ بەرگەنىكەن. يەنى، ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ھەزرىتى ھىدايىتۇللا ئىشان دەيدىغان بىر ئۇلۇغ زات بولۇپ، لەقىمى قازان ئىكەن. بۇ زات نۇرغۇن مۇرتلىرى بىلەن بىللە يۇرت كېزىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ تىلەمچىلىك قىلىپ ماڭىدىكەن. نەزىر بەرگەنلەرگە ياخشى لەقەم، ياخشى تىلەك تىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دۇئا قىلىپ كېتىدىكەن، نەزىر بەرمىگەنلىرىگە لەنەت ئوقۇپ ماڭىدىكەن. كارەك جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئاۋازى يۇقىرى چىققاچقا كارەك لەقىمىنى قويىغانىكەن. شۇ ھەزرەت بەرگەن لەقەمنىڭ خاسىيىتىدىن كارەك جەمەتى يۇرتقا باشچىلىق قىلىپ ئابرۇي تېپىپ ئۆتكەنىكەن. يەنە بىر چوڭ جەمەت بولغان كالۋا جەمەتىنىڭ لەقىمىنىمۇ شۇ ھەزرەت بەرگەنىكەن. ھەزرىتى ئىشان مەھەللىدىن ئۆتۈۋاتقاچ شۇ جەمەتتىكى بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ھەزرىتى ئىشان قارىسا ئۇ كىشى قوناق ساقلاش ئۈچۈن ئورا كولاۋاتقانىكەن. ئۇ كىشىدىن نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتىكەن. «چارۋىلىرىمغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلاۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «ئۇنداقتا، دۇلدۇلۇمغا ئازراق بېرەمسىز ؟» دەپ ئۆتۈنسە، ئۇ كىشى دۇلدۇلنى بەخىرامان قوناققا قويۇۋېتىپ ھەزرىتى ئىشاننى تۆرگە باشلاپ مېھمان قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھەزرىتى ئىشان ھەم ھەيران قاپتۇ، ھەم ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە: «ئاشلىقنى ئادەم يېمەمدۇ!؟ سەن بىر كالۋا خەق ئىكەنسەن. بۇنىڭدىن كېيىن لەقىمىڭ كالۋا بولسۇن» دېگىنچە پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەمەت ئۇجمە مەھەللىلىرىگە تارقىلىپتۇ ①.

## 4. ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرى

ئاۋاتنىڭ يېزا ـ كەنتلىرى پۈتۈنلەي دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئاراللىرىغا جايلاشقان. ھەر بىر ئارالچى بىر ئايماققا مەنسۇپ بولۇپ، زېمىنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماستىن ئېقىن ئارالچىسىنى پاسىل قىلىپ بىر ئايماق خەلقى باشقۇرۇپ كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇرۇق ـ قەبىلە شەكلىدىكى تۈرمۇش شەكلىنىڭ سۇس سىماسى ساقلانغان. بۇ خىل تۈزۈلمە خېلى يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملاشقان. تۆرلۈك خەلق بېجى ئېلىش، بوز يەر ئۆزگەرتىش ۋە زەيلىك چېپىش ھاشرى قاتارلىقلاردا بىر لەقەم ئەزالىرى بويىچە تەقسىم قىلىنغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، جەمەت لەقەملىرىنىڭ ئاۋات ئۇيغۇرلىرىدا مەۋجۇت بولۇشى، ئومۇملىشىش ئاساسلىرى پەقەت يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانلىرىلا بولماستىن، يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردىنمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. يېقىنقى مەزگىللەرگە كەلگەندە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى، جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ، لەقەم سۈرۈشتۈرۈش ئەنئەنىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا مەلۇم دەرىجىدە سۇسلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ئادەتنىڭ ھازىرغىچە تەسىر كۆچىنى يوقاتمىغانلىقىنى ھېلھەممۇ مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋە تېگىشلىك رولىنى ئۆتەۋاتقان جەمەت لەقەملىرىدىن بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇزاق يىللار مابەينىدە خەلقنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرىپ تىندۇرما ھاسىل بولغان بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئەتراپلىق، ئىلمىي، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش نۆۋەتتىكى تەخىرسىز خىزمەتنىڭ بىرى بولۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرى، تارىخى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئېتنىك تەركىبى، پىسخىكىسىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر ئاۋات ناھىيەلىك كومىتېتى تۈزگەن: «ئاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى (1)، 1997 ـ يىل 5 ـ ئاي.

2. ئازات رەخمىتۇللا سۇلتان باشچىلىقىدا تۈزگەن: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىللىق 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

3. ئىسمەت قاسىم: «قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ لەقەم ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 3 ـ سان.

4. مېھراي مەمتىلى: «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمەت لەقەملىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى»، «شىنجاڭ تەزكىرچىلىكى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 4 ـ سان.

5. ئارسلان ئابدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت لەقەملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

6. ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئۇيغۇر لەقەملىرى توغرىسىدا»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 2 ـ سان.

7. ئارزۇگۈل مۆمىن: «ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيە ۋە بىر شەھەرنىڭ يەرلىك لەقەملىرى ھەققىدە»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 2011 ـ يىللىق 4 ـ سان.


(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كەسپى 2011 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

① 2013 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزا ئۇجمە كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 102 ياشلىق دېھقان بوۋاي نۇردۇن ھاشىر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت.

# خوٴتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ۋە فولكلورى



ئابلەت نۇردۇن

(1)

خوٴتەن ئۇيغۇرلىرى يەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى. ئۇلار غەربىي يۇرتتىن خوٴتەنگە كۆچۈپ بارغان نەچچە 100 يىلدىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق مېھنىتى، ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ، خوٴتەندىكى باشقا مىللەت خەلقى بىلەن ئىچ-قويۇن-تاشقويۇن بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، يەرلىكنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتا خېلى زور تۆھپە ياراتتى.

خوٴتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى تارىخى يەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خوٴتەن ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تۈزگەن، يۆلۈ نەشرىياتى 1994-يىلى نەشر قىلغان «خوٴتەن ئۇيغۇرلىرى» ناملىق كىتابتا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بېسىلغان: «جيەن جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» ناملىق كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، «ئۇلار (خوٴتەن ئۇيغۇرلىرى) غەربىي يۇرتتىكى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن خەلىل سانغۇننىڭ ئەۋلادى، خەلىل قومۇللۇق، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى غەربىي يۇرت ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولۇپ، قۇچۇ ئېلىگە قاراشلىق ئىدى» دېيىلگەن. قۇچۇ (高唱) دېگەن يەر نامى ئەڭ دەسلەپتە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئەينى چاغدا كىشىلەر بۈگۈنكى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاستانە بىلەن قاراغوجا ئارىلىقىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى «قۇچۇ» دەپ ئاتىغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، «ئۇنىڭ (قۇچۇنىڭ) يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، ئاھالىلىرى باياشات» ئىدى. خەنزۇچە كىتابلاردا قۇچۇنىڭ نامى يەنە «和州 (خېجۇ)»، «火洲 (خوجۇ)»، «哈拉和

(خالا خېجۇ)» دەپمۇ ئاتالغان. قەدىمكى تۈركچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا «قوچۇ»، «قوجۇ»... دەپ ئاتالغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە قوچۇنىڭ ئۇيغۇر شەھىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ جايدىكى بارلىق شەھەرلەرنىڭمۇ نامى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ھازىر يەرلىك ئۇيغۇرلار قوچۇنى «ئىدىقۇت شەھىرى» (ئىدىقۇت تۇرغان شەھەر دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدۇ.

مىلادىيە 840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر بىلەن گۇمران بولغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار پانتېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەن، غەربتىكى بەشبالىققا كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن بۆكۈ تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر تارماق ئۇيغۇرلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى قوچۇ شەھىرى ئىدى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى»دا: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە قومۇلدىن باشلىنىپ، غەربتە تىبەت زېمىنىنىڭ غەربىگە، شىمالىي بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپلىرى)غا، جەنۇبىي گەنسۇدىكى جيۇچۇەنگە تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن.

مىلادىيە 12-ئەسىردە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى يەللۇغ تاشىن قۇرغان قارا قىتان (غەربىي لياۋ) سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلغان. قارا قىتان ھۆكۈمرانلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى جايلارغا، جۈملىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا «باسقاق» ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ۋە مالىيە ئىشلىرىنى نازارەت قىلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە قارا قىتان سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قارا قوچۇ خانلىقىنى سىياسىي جەھەتتە كونترول قىلىشنى كۈچەيتكەن ھەمدە خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يەنى 1209-يىلى (يۈەن تەيزۇنىڭ 6-يىلى) قوچۇ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن قارا قىتانلارنىڭ قوچۇدىكى كەنجى باسقاقى (نازارەتچىسى) شاۋكىمنى ئۆلتۈرۈپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇللارنىڭ سەردارى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان. بۇ ھەقتە «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» ناملىق كىتابتا: «مىلادىيە 1211-يىلى (سۇڭ سۇلالىسى نىڭزۇڭنى جيادىڭ 14-يىلى) قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بىلەن خەلىل (哈勒 ــ خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى ئەجدادى، خەنزۇچە خالي دېگەن ئىسمى بەزىلەر قارا دەپ تەرجىمە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشىۋاتىدۇ. ئەمما خەنزۇچىدىكى 勒 خېتى ئادەتتە ‹را› ئەمەس، ‹لى› ياكى ‹رى› دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. شۇڭا مەن ‹خالي› دېگەن خەنزۇچە خەتنى ‹لي› دەپ تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ جەھەتتە تارىخچىلار، تىلشۇناسلار داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ) كىرۇلىن دەرياسى بويىدا چىڭگىزخان (تېمۇچىن) بىلەن كۆرۈشۈپ، قوۋمىغا باشچىلىق قىلىپ بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى» دېيىلگەن. چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان ۋە قىزىنى قوچۇ ئىدىقۇتىغا ياتلىق قىلغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ (موڭغۇللارنىڭ) غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە تاڭغۇت (غەربىي شيا)، جىن سۇلالىرىنى مۇنقەرز قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

خەلىل باتۇر ۋە چەبدەس بولۇپ، ھەممە جەڭلەردە زەپەر قۇچۇپ تۆھپە ياراتقاچقا، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، ھۇجۇمچى سانغۇن دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يۈەن سۇلالىسىدە مىراسخور ئەمەلدار بولغان.

مىلادىيە 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، مىڭ تەيزۇ جۇ يۈەنجاڭ خەلىلنىڭ ئەۋلادى خەلىل باشنى زېمىن كېڭەيتىش قورشاۋۇلى ۋە ئاستانە يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ)نىڭ باشبۇغى قىلغان. ئۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋېنجۇڭ، شۆي دا قاتارلىق سەركەردىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ داتۇڭغا ھۇجۇم قىلىش، يىڭچاڭنى ئىشغال قىلىش جەڭلىرىگە قاتنىشىپ، دۈشمەنلەرنى يوقىتىشتا زور تۆھپە ياراتقان. مىڭ تەيزۇ، جۇ يۈەنجاڭ خەلىل باشغا جيەن (يوقاتقۇچى، دۈشمەنلەرنى قىرىپ يوقاتقۇچى دېگەن مەنىدە) دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلغان. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ جيەن فامىلىسىنى قوللىنىشى ئەنە شۇ ۋاقىتتىن، يەنى مىلادىيە 1371-يىلى (مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 4-يىلى)دىن باشلانغان. جۇ يۈەنجاڭ يەنە ئاسراندى قىزى تۇ يىنى خەلىل باشغا ياتلىق قىلغان. خەلىل باشغا جەنۇبنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، جىڭشياڭ مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى قاتارلىق مەرتىۋىلەرنى بېرىپ، خەلىل باشنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسيانچىلارنى تىنچىتىشقا

ئەۋەتكەن. خەلىل باشى ئىسيانچىلارنى تىنچىتىش، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش جەريانىدا تۆھپە ياراتقاچقا، ئۇنىڭغا يەنە ۋەلىئەھدى دەپ مەرۇپ بېگى، كېڭەش بېگى مەرتىۋىلىرى بېرىلگەن. خەلىل باشى مىلادى 1388-يىلى (مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 12-يىلى) ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا قازا قىلغان ۋە خۇاڭلوڭگاڭ (بۈگۈنكى خۇنەن ئۆلكىسى چاڭدې شەھەرلىك ھاراق زاۋۇتىنىڭ ئورنى)غا دەپنە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوۋمىدىكى ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ خۇنەندىكى تاۋيۈەن ناھىيەسىدە ماكانلىشىپ قالغان.

خەلىل باشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى بەيجۇ (بايجۇ، ئىسمى ياڭ يەن) دادىسىنىڭ جىڭشياڭ مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى دېگەن مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، مىلادىيە 1389-يىلى يۈننەن، گۇيجۇلارغا يۈرۈش قىلىپ، جەڭلەردە زور نەتىجە ياراتقان ۋە چېگرانى تىنچىتىش سانغۇنى، ۋەلىئەھدى مەرۇپ بېگلىككە تەيىنلەنگەن، ھەربىي يۈرۈشتىن قايتىشىدا ئورەككە چۈشۈپ كېتىپ قازا قىلغان، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ يارلىققا بىنائەن خۇاڭلوڭگاڭدىكى دادىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

جۇ يۈەنجاڭ بەيجۇنىڭ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان شىنشىڭ يېزىسى خۇچۇن كەنتىگە «پەزىلەت راۋىقى»، جيەنجياگاڭغا «جەنۇبنى تىنچىتىش زالى (جىڭنەنتاڭ)»، بېيلۇگاڭ دېگەن يەرگە «ساداقەت سارىيى»، تاۋيۈەن ناھىيەسىدىكى فېڭشۇكۇ يېزىسى (خۇيزۇ-ئۇيغۇر يېزىسى)غا «جەنۇبنى تىنچىتىش قىرائەتخانىسى»نى ياسىتىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن «جەنۇبنى لەرزىگە سالغان» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ، «جەنۇبنى تىنچىتىش زالى»غا ئاستۇرغان، ھازىر خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى ئەجدادى خەلىل بىلەن ئوغلى بەيجۇنىڭ قەبرىسى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە جۇ يۈەنجاڭنىڭ بېغىشلىمىسى ئويۇلغان تاش ئابىدە تىكلەندى.

بەيجۇ ئۆلگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى خەلىل باشى ۋە بەيجۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا چاڭدېنىڭ باقاۋۇللۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خۇنەندىكى چاڭدې، تاۋيۈەن ئەتراپلىرىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن خەلىل باشى، بەيجۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى خۇنەن ئۇيغۇرلىرىغىچە 20 نەچچە ئەۋلاد 600 نەچچە يىلدىن ئارتۇق تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرۈپ، تاۋيۈەننى ئاساس قىلىپ خۇنەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانچىلىق ۋە سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كەلدى.

(2)

نەچچە 100 يىللاردىن بۇيان خۇنەندە ئولتۇراقلىشىپ، خۇنەننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشقان خۇنەن ئۇيغۇرلىرىدىن نۇرغۇن قەھرىمان، ئۇلۇغ ئەربابلار مەيدانغا كەلگەن. ئالايلۇق، خۇنەن ئۇيغۇرلىرىدىكى جيەن جەمەتىنىڭ ئاساسىنى سالغان خەلىل باشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەيجۇ ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خۇنەن ئۇيغۇرلىرى يەنە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇيغۇر قەھرىمانى جيەن رۇيەن 1-قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى جەريانىدا خۇمېن پوتەيىنى جان تىكىپ قوغداپ، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا باتۇرلارچە زەربە بەرگەن، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى تىللاردا داستان قىلىنىشقا ئەرزىيدۇ. جيەن شەنشۆ نەنلىڭ ئەتراپىدا ئەپيۇن سودىگىرىنى جازالاپ، ئەپيۇننى كۆيدۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئۇرغۇتقان. خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار ئاممىسى چىرىك، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تىز پۈكمەي، خۇڭ شيۇچۈەن رەھبەرلىكىدىكى تەيپىڭتيەنگو قوزغىلاڭچىلىرى قوشۇنىنى قوللىغان ۋە بۇ قوشۇنغا قاتناشقان. بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مەشھۇر مارشالى خې لۇڭ قوشۇن باشلاپ خۇنەندىكى چاڭدې، تاۋيۈەنگە ھۇجۇم قوزغىغاندا، ئۇيغۇرلار ئاممىسى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە خې لۇڭ رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيەنى قارشى ئالغان. ئۆزلىرىنىڭ ئاشلىق، يوتقان-كۆرپىلىرىنى تەقدىم قىلىپ، مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيەگە

uyghurkitap.com



ياردەم بەرگەن. ۋەتەننىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت،
خەلقنىڭ ئازاب- ئوقۇبىتى خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدە-
كى يۈكسەك ئىرادىلىك، ھەققانىي كىشىلەرنى مىللەتنىڭ
روناق تېپىشى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئالدىنقىلارنىڭ
ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ كۆرەش قىلىشقا ئۈندىگەن.
جيەن چۈيىنىڭ ئەر- ئايال ئىككىيلەن ئىنقىلابىي پائالىيەت
بىلەن شۇغۇللىنىپ، زوراۋان كۈچلەرگە باش ئەگمەي،
ئەكسىيەتچى دائىرىلەر تەرىپىدىن قەتىل قىلىنىپ، ئۆزلىرى-
نىڭ ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. جيەن جىڭۇ ئىجتىھات-
لىق، تىجارەتكە ماھىر بولۇپ، چاڭدېدىكى سودا- سانا-
ئەت ساھەسىدىكى داڭدار كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. ئۇ
بېيىغاندىن كېيىن شەخسىي ھوزۇر- ھالاۋەتنى كۆزلىمەي،
نام- ئاتاققا بېرىلمەي، جاھائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئىش-
تىياق باغلاپ، نامراتلارغا يار- يۆلەكتە بولۇپ، مائارىپ
بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ،
ئۆز يېرىنىڭ مەدەنىيەت، مىللىي، دىنىي ئىشلىرىنى راۋاج-
لاندۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە
قوشقان. جيەن بوزەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا
ئىنقىلابىي ئىلغار ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلىغان. بىلىملىك
زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن
ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن
كېيىن خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ مەغرۇرلانماي، ھۆكۈ-
مەت ئىشىدا پاك- دىيانەتلىك بولغان. مەيلى ئىلگىرىكى
ياللۇنلۇق ئۇرۇش يىللىرىدا بولسۇن ياكى كېيىنكى
تىنچلىق يىللىرىدا بولسۇن، ئۇ ھەققەتكە ئىنتىلىش ئېتىقا-
دىنى باشتىن- ئاياغ ئۆزگەرتمەي، جۇڭگو تارىخىنى ئو-
مۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرغان، كونا تەلىماتلار-
غا قارىغۇلارچە ئەگەشمەي، نوپۇزلۇق مەنسەپدارلارغا
خۇشامەت قىلماي، تارىخقا ئوبيېكتىپ، ئادىل مۇئامىلە قى-
لىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا
بايراق تىكلەپ بەرگەن. جيەن بوزەننىڭ ھاياتى ئېلىمىز-
نىڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەخلاق- پەزىلە-
تىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

جيەن بوزەن ئۇيغۇر بولۇپ، 1898- يىلى تاۋيۈەن
ناھىيەسىنىڭ جيەنجىگالىڭ دېگەن يېرى (ھازىرقى فېڭشۇ
يېزىسى خۇيزۇ- ئۇيغۇر كەنتى)دە دۇنياغا كەلگەن. تولۇق-
سىز، باشلانغۇچ مەكتەپنى مەزكۇر كەنتتىكى مىللىي باش-
لانغۇچ مەكتەپتە، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى تاۋيۈەن
ناھىيەسى جاڭجياڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە، ئوتتۇرا مەكتەپ-
نى چاڭدېدىكى ئۆلكىلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپ (ھازىرقى
چاڭدې شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ)تە ئوقۇپ،
ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ۋۇخەن مەخسۇس پەن ئو-
قۇتۇش مەكتىپى (ھازىرقى ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى)گە
كىرىپ ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئىنقىلابقا
قاتناشقان. 1926- يىلى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا قاتناش-
قان. بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ
ھەممە كۈچىنى تارىخ تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ، تارىخ ئەسەر-
لىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئىنقىلابىي خىزمەت بىلەن شۇغۇل-
لانغان. 1937- يىل 5- ئايدا جۇڭگو كومپارتىيەسىگە ئەزا
بولغان. 1940- يىلدىن باشلاپ ئۇزاق مەزگىل جۇ ئېن-
لەينىڭ رەھبەرلىكىدە چۇڭچىڭ، نەنجىڭ، شاڭخەي،
شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردا بىرلىك سەپ ۋە نەزەرىيەۋى
تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋەتەنپەرۋەر
زاتلار، تەرەققىيپەرۋەرلىك، دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ۋە
ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتلىرىنى رىغبەتلەندۈرگەن. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يەنە بىرلىك
سەپ، مىللەتلەر خىزمىتى، نەزەرىيەۋى تەشۋىقات ۋە مائا-
رىپ ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى
ئىشلىگەن. مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1-
نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 1-، 2-، 3- نۆۋەتلىك
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەركىزىي مىل-
لەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكا-
دېمىيەسى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى
(ئاكادېمىك)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
بولۇشتەك بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جيەن
بوزەن «مېنىڭ فامىلەم، مېنىڭ يۇرتۇم» ناملىق مەشھۇر
ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ، خۇنەن ئۇيغۇرلىرى، جۈملىدىن
ئۆز ئەجدادىنىڭ غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى دە-
لىللەپ چىققان.

جيەن بوزەننىڭ مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى شۇكى،
ئۇ ۋيېتنام كومپارتىيەسى ۋە ۋيېتنام جۇمھۇرىيىتىنىڭ
قۇرغۇچىسى خۇجىمىننى تونۇلۇك چارە- ئاماللار بىلەن گو-
مىنداڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان، ئىشەنچلىك

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولغان:

1938 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئىركىشىش باسقۇچىغا كىرگەنىدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى چۇڭچىڭدا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ ئېنلەي جيەن بوزەننى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: «ۋيېتنام مۇستەقىللىق ئۇيۇشمىسى (كېيىنكى ۋيېتنام كومپارتىيەسىنىڭ تەكتى) نىڭ رەئىسى خۇ جىمىن گۇاڭشىدا قولغا ئېلىنىپتۇ. ھازىر گۇيلىندا تۇرۇشلۇق جاڭ فاكۇي ئىدارە قىلىۋاتقان 4 ـ ئۇرۇش رايونىدا قاماقلىق ئىكەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىزنىڭ بارلىق چارە ـ ئاماللار بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇشىمىزنى قارار قىلدى» دەيدۇ. بۇنىڭدىن 10 كۈن ئىلگىرى خۇ جىمىن ۋيېتنامنىڭ گاۋپىڭ ئۆلكىسىنىڭ بېيبۇ (ھىندىچىنى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق جاي) دېگەن يېرىدىن يولغا چىقىپ، گۇاڭشىنىڭ جىڭشى دېگەن يېرى ئارقىلىق جۇڭگو چېگراسى ئىچىگە كىرىپ، چۇڭچىڭغا بېرىپ جۇ ئېنلەي بىلەن كۆرۈشۈپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى بولغان. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى رۇەن xx ۋيېتنامنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكتىن، نەۋرە ئاكىسى ئارقىلىق يەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە مەخپىي خەۋەر يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن خۇ جىمىن دەرھال قولغا ئېلىنغان. جيەن بوزەن خۇ جىمىننى قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ، مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى جۇ ئېنلەي ئالدىن قىياس قىلىپ بولغانىدى. چۈنكى بەش يىل ئىلگىرى نەنجىڭدا لى لىيۇرۇنى قۇتقۇزغان ئىش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جيەن بوزەنگە مۇنداق دەيدۇ: «ئەھۋال ئەنە شۇنداق، خەلقئارا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋيېتنام شۆبىسى چۇڭچىڭ قانۇن چىقىرىش مەھكىمىسىدىكى سۈن كېغا بىر پارچە جىددىي تېلېگراما يوللاپ، خۇ جىمىننى قويۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. ئەمما سۈن كې دېگەن بۇ ئادەم بەكلا قورقۇنچاق بولۇپ كارغا كەلمەيدۇ. ھازىر بىز 1 ـ قەدەمدە ئاشۇ تېلېگراممىنى قولغا چۈشۈرۈشىمىز، ئاندىن كېيىن مۇۋاپىق بىرەيلەننى تېپىپ ئۇنى جياڭ جيېشىغا يۈزتۇرا تاپشۇرۇشىمىز لازىم...» قانۇن چىقىرىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تەن جېن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم سىزگە مەلۇم، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھەم يۇرتداشلىقىم، ھەم شەخسىي ئاغىنىدارچىلىقىم بار. مېنىڭچە ئۇ بىزگە ياردەم قىلىدۇ» دەيدۇ جيەن بوزەن. جيەن بوزەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش مەھكىمىسىگە بېرىپ تەن جېن بىلەن كۆرۈشىدۇ. تەن جېن جان دەپ ماقۇل بولىدۇ. سۈن كې تەن جېندىن كەلگەن تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن، تېلېگراممىغا ئۆز قولى بىلەن: «مەھكىمە باشلىقىمىز تەن جېننىڭ مالال كۆرمەي ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز. سۈن كې» دەپ تەستىق سالىدۇ. جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈشكە قايسى ئاتاقلىق ئادەمنى ئەۋەتىش كېرەك؟ جيەن بوزەن لى زۇڭرېننى ئېسىگە ئالىدۇ. لى زۇڭرېن تېلېگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن: «جيەن ئەپەندى، بۇ خۇ جىمىن ئەپەندى ۋيېتنام كومپارتىيەسىنىڭ داڭلىق ئادىمىغۇ دەيمەن؟» دەپ سورايدۇ. جيەن بوزەن دەرھال بۇ ئىشنىڭ پايدىزىيىنىنى سۆزلەيدۇ: «مۇئاۋىن زۇڭتۇڭىمىز ئويلاپ باقسا بولىدۇ، خۇ جىمىن ۋيېتنام كومپارتىيەسىنىڭ داھىيسى، سەركەردىسى. ياپون قاراقچىلىرى گۇاڭشىغا كەلسە، كەلگۈلۈك ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزلىرىگە كېلىدۇ، مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلماق تەس. ۋيېتنام گۇاڭشى بىلەن چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن. ناۋادا كېيىنكى كۈنلەردە گۇاڭشىدا ياپون قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالسىلا، ۋيېتنامسىلىنىڭ چېكىنىدىغان ۋە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بازىلىرى بولۇپ قالىدۇ». لى زۇڭرېن جيەن بوزەننىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تېز كۆڭۈللۈك بىلەن: «جيەن ئەپەندى، مەن ئەتىلا خۇەن جاڭ (فېڭ يۈشياڭنىڭ تەخەللۇسى) بىلەن بىللە بېرىپ، بۇ تېلېگراممىنى جياڭ زۇڭتۇڭغا يۈزتۇرا تاپشۇرىمەن» دەيدۇ. ئەتىسى لى زۇڭرېن فېڭ يۈشياڭ بىلەن بىللە بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشىدۇ، جياڭ جيېشى بۇ ئىشنىڭ پايدىزىيىنىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، مېھمان كۈتۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى ۋېيغا جاڭ فاكۇيغا تېلېگراما يوللاپ، خۇ جىمىننى دەرھال قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى يەتكۈزۈشنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ جيەن بوزەننىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن خۇ جىمىن گومىنداڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، بىر قېتىملىق خەۋپتىن ئامان قالىدۇ.

جيەن بوزەننىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ئىلىم-پەن، تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلاش، ئىلىم-پەن ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا يار-يۆلەك بولۇش ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئائىلىۋى، جيەن بوزەننىڭ ئوغلى، بېيجىڭدىكى «خۇاپۇ» شىركىتىنىڭ لىدىرى جيەن جىڭخەي يېقىندا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى تەتقىقاتچى ھاشىم ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ «لوپنۇر دىيالېكتى» ناملىق 2-قىسىملىق ئىلمىي ئەسىرىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، بۇ ئەسەرنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

(3)

ئۆزىنى ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك، باتۇر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ ھېسابلايدىغان خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مول ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسە، چۆچەك، قوشاق ۋە ماقال-تەمسىللىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزى ياشىغان مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىجادىي بېيىتقان، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ بىباھا مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ «جالڭ گوۋلانىڭ سۇ ئەكىلىشى»، «جالڭ گوۋلانىڭ ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇشى» قاتارلىق ئەپسانىلىرى ئەڭ داڭلىق. بۇ ئەپسانىلەرنىڭ نامىلىرى يەرلىك خەنزۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئىلاھنىڭ نامىدىن كەلگەن. يەر نامىلىرىمۇ يەرلىك ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن كەلگەن بولۇپ، قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالماشقان ۋە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە ئەپسانە توقۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى فولكلورىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چۆچەكلىرىدە ئاساسلىقى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى (ئەسلىي زاتى)، جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «جۇخۇگۇۋۇنىڭ خوتۇن ئېلىپ بېرىشى»، «جۇ خۇگۇۋۇنىڭ فامىلە ئىنئام قىلىشى»، «بەيجۇنىڭ ئوتۇغات قوبۇل قىلىشى»، «جاھىل ياۋغا قىلىچ چېپىش» قاتارلىق رىۋايەتلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسىلا زېرەك، باتۇر، ئۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ھەم پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەۋلادلارغا ئەجدادلارنىڭ قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش روھىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىر قىسمى شىنجاڭدىن تارقىلىپ كەلگەن چۆچەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق. بۇنىڭغا «نەسىردىن ئەپەندى» قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاستا-ئاستا مەھەللىۋىلەشكەن، يەنە بىر قىسمى بولسا ئۇيغۇرلار خوتەنگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئەمەلىي تۇرمۇش ئاساسىدا ئىجاد قىلغان. تارقالغان ۋاقتى ئانچە ئۇزاق بولمىغان چۆچەكلەر، رىۋايەتلەر، مەسىلەن، «جيەن چىخۇاڭنىڭ ھېكايىسى». خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەلق لەتىپىلىرىدە مىللەتنىڭ قىزىق، خۇش چاقچاق ئالاھىدىلىكى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يۇمۇرلار تۇرمۇش ھەۋەسلىرى، كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆپلىگەن مول مەزمۇنلۇق خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى ئىجاد قىلغان، بۇلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ماقال-تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى مول، تېمىسى ھەر خىل، تىلى راۋان، ئاممىباب، ئوخشىتىشلىرى جايىدا، ئوبرازى ئېنىق، ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان.

ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن ئۇيغۇرلىرى يەنە ئاسايىشلىقنى مەدھىيەلەيدىغان، ھەقىقىي چىن مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان، سەممىي ئاق كۆڭۈللۈكنى قەدىرلەيدىغان، ئەمگەك

مېۋىلىرىنى ئەزىزلەيدىغان، كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئۆگىتىدىغان نۇرغۇن قوشاق، مەسەل، باللار چۆچەكلىرىنى ئىجاد قىلغان.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئىچىدە نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدىكى ھېكايىلەرمۇ خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنىڭغا خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا تارقالغان «ئەپەندىنىڭ گۆيلىنىشى»، «جەرىمانە تۆلەش»، «ئالتۇن ۋە ھەقىقەت»، «ئەقىل ئىزدەش»، «دېھقاننىڭ قۇدرىتى»... قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ ھېكايىلەردە نەسىردىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ چېچەنلىكى، يۇمۇرلۇق قىزىق گەپلىرى ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ سەركەردە، دىنىي ئاقسۆڭەك قاتارلىقلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى دادىللىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆچلۈك مۇھەببەت ـ نەپرەت ھېسسىياتىنى، ھەقىقەت ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەنىۋى روھىي ئوزۇق ئالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا داڭلىق قەھرىمانلىق داستانى (ئېپوسى) «ئوغۇزخان رىۋايىتى»مۇ خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا خېلى كەڭ تارقالغان. ئۇلارغا تارقالغان «ئوغۇزخان رىۋايىتى»نىڭ تېكىستى ئانچە تولۇق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ۋە شىنجاڭ، خۇنەن ئىككى جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تارىخىي مەنبەگە ۋە ئورتاق مىللىي ھېسسىياتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلورى ئىچىدە ماقال ـ تەمسىللەرمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلاردا ھازىرغىچە «قۇم يىغىلسا تاغ بولۇر، ئەل يىغىلسا باغ (بولۇر)»، «مۇساپىر بولمىغىچە ئۆز يۇرتىنىڭ قەدرىنى بىلمەس»، «توشقاندەك 1000 يىل ياشىغىچە، شۇڭقاردەك بىر كۈن ياشا»، «بىر نىيەتتە ئۆم بولسالار، قۇمدىن ئالتۇن چىقار»، «بىلىم ئالاي دېسەڭ، يىڭنە بىلەن قۇدۇق قاز»، «بىلىملىك ياشنار، ئۆلمەس، بىلىمسىز يىغلار، كۈلمەس»، «تېجەپ تۇتسالاڭ مول بولۇر، بۇزۇپ چاچساڭ چۆل (بولۇر)»، «بىر تال باشاق بىر قوشۇق ئاش»، «سېيىر ساغسالاڭ سۈت چىقار، يەر تېرىسالاڭ ئاش (چىقار)» قاتارلىق ۋەتەن، ئەل يۇرت، ئىتتىپاقلىق، باتۇرلۇق، بىلىم، تېجەشلىك بولۇش ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ماقال ـ تەمسىللەر ساقلانغان. بىز خۇنەنلىك ئۇيغۇرلار يازغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلورىغا دائىر خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشكارا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلورىغا ئائىت كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن ئەينى بويىچە تاپتۇق، بۇمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇنەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور جەھەتتىكى مەنبەداشلىق يېقىن مۇناسىۋىتىنى كۈچلۈك دەلىللەپ بېرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خۇنەن ئۇيغۇرلىرىغا دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇش ۋە بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە خىزمەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەتبۇئاتلاردا بۇ ھەقتىكى ئۇيغۇرچە كىتاب، ماقالە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى خېلى كۆپەيدى. بۇنىڭغا خۇنەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن، ئابلەت نۇردۇن بىلەن جۇمەخۇن تەرجىمە قىلغان، 1994 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» ناملىق كىتابنى؛ تىلەك ئىبراھىم تۈزگەن «ئۇيغۇر ئالىمى جيەن بوزەن» ناملىق كىتابنى؛ ئابلەت نۇردۇن يازغان «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرىغا دائىر چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى»، «ئۇيغۇر ئالىمى جيەن بوزەن ۋە خۇ جىمىن»، «خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلورى» قاتارلىق ماقالىلەرنى؛ ئابدۇرازاق سايىم قاتارلىقلار يازغان، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى؛ ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق يازغان «تۇرپانشۇناسلىق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خۇنەندە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى ۋە جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى چاڭشادا ئاچقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان خۇنەن ئۇيغۇرلىرىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)

# كروران شەھىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە كروران نامى توغرىسىدا



غالىب بارات ئەرك

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا سېھىرلىك بىر زېمىن بار، بۇ ئويمانلىقتىكى ئەڭ پەس جاي بولغانلىقتىن بارلىق ئېقىنلار مۇشۇ تامان ئاقىدۇ، جۈملىدىن چوڭ ئېقىنلاردىن خوتەن، ياركەنت ۋە قەشقەر دەريالىرى ئاقسۇ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ھەيۋەتلىك تارىم دەرياسىنى شەكىللەندۈرگەن. تارىم ئېقىنى شەرققە قاراپ ئېقىپ، لوپنۇر ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ «يېشىل كارىدور»نى شەكىللەندۈرگەن ھەم داۋاملىق جەنۇبقا ئېقىپ، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىردەك شىمالىدا «قارا بوران كۆلى» (ھازىرقى «تارتىما كۆلى» مۇشۇ كۆلنىڭ بىر قىسمى)نى شەكىللەندۈرگەن، «قارا بوران كۆلى»دىن ئېقىن تارتىپ مىرەن بوستانلىقىنىڭ 20 نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا «قارا قوشۇن كۆلى»نى ھاسىل قىلغان، سۇ ئۇلغايغان يىللاردا «قارا قوشۇن كۆلى»دىن ئېقىن تارتىپ نەچچە ئون كىلومېتىر شەرقىدىكى «لوپ كۆلى»گە قۇيۇلغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ھاياتلىقىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يەنە بىر ئېقىن تەڭرىتاغلىرىدىن باشلانغان «قايدۇ دەرياسى» بولۇپ، باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، باغراش كۆلىدىن ئېقىپ چىقىپ شىمالغا ئېقىپ، كورلا ۋە لوپنۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، بۇ دەريا بۇرۇن «كورلا دەرياسى» دەپ ئاتالغان، كېيىنچە كورلا ۋە لوپنۇردا دەريانىڭ قاسنىقىدىكى كۆنچى مەھەللىسى شەكىللەنگەنلىكتىن، «كۆنچى دەرياسى» دېگەن نامى ئومۇملاشقان (لوپنۇر ناھىيە بازىرى 1960-يىللىرىغىچە كۆنچى دەپ ئاتالغان، مويسىپىتلار ھازىرمۇ مۇشۇ نامنى قوللىنىدۇ). تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۆزلەڭلىكلەردە دائىم ئېقىن يۆتكەپ تۇرغان، بەزى دەۋرلەردە قوشۇلۇپ جەنۇبقا — تارىم دەرياسىنىڭ

ئېقىنى بويىچە ئېقىپ قارا بوران، قارا قوشۇن كۆللىرىگە قۇيۇلۇپ، ئاندىن لوپ كۆلىگە ئېقىپ كىرگەن. بەزى دەۋرلەردە قوشۇلۇپ شەرققە قاراپ ئېقىپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى بويىچە لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان، بەزى دەۋرلەردە ئۆز ئېقىنلىرىدا ئېقىپ، كۆنچى دەرياسى لوپ كۆلىنى، تارىم دەرياسى قارا بوران، قارا قوشۇن كۆللىرىنى ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى قىلغان. يەنە بىر ئېقىن قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمى بولغان ئالتۇنتاغ (بەزى مەلۇماتلارچە ئالتىن تاغ — يەنى ئاستىن تاغ بولۇشى كېرەك)دىن باشلانغان چەرچەن دەرياسى چەرچەن ناھىيە بازىرىدىن ئۆتۈپ، شەرققە بۇرۇلۇپ، تاتراڭ بوستانلىقى ئارقىلىق ۋاششەھرىنىڭ شىمالى بىلەن قارا بوران كۆلىگە قۇيۇلغان. مانا كۆرگىنىمىزدەك، تارىم ئويمانلىقىدىكى نۇرغۇن دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئويمانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئېقىپ كېلىشى بۇ يەردە ھاياتلىق ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى شارائىتلارنى ھازىرلىغان. شۇڭا بۇنىڭدىن 6000 ـ 7000 يىللار بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىشلەتكەن سىپتا تاش قوراللار، 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان «كىچىك مىرەن قەبرىستانلىقى» ۋە «قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغا قەبرىستانلىقى» (گۇمۇگۇ)دىن مومىيالار بايقالدى.

بۇ سىرلىق ۋە سېھىرلىك زېمىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە سېھىرلىۋالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ نۇرغۇن چەت ئەل ئالىملىرى، ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى، بۇلارغا پېرژېۋالسكىي، كوزلوف، بونۋالوت، سېۋېن ھېدىن، ستەيىن، خونتىڭتون... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسىيەلىك ئوفىتسېر نىكولاي مىخايلوۋىچ پېرژېۋالسكىي (1839 ـ 1888) 1876 ـ يىلى غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قارا شەھەر ـ كورلىغا كەلگەن. ئۇ 1876 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن كورلىدىن لوپ كۆلىنى نىشانلاپ يولغا چىققان. جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، قارا بوران ۋە قارا قوشۇن كۆللىرىگە كەلگەن. پېرژېۋالسكىي 1877 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە قارا قوشۇندا تۇرۇپ تەكشۈرۈشتە بولغان، شۇ قېتىم قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تارىختىكى لوپ كۆلىنى بايقىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ جۇڭگونىڭ خەرىتىلىرىدە خاتا ئىكەنلىكى، ئورنى جۇڭگو خەرىتىلىرىدىكى كۆلنىڭ بىر گىرادۇس جەنۇبىدا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئىتالىيەلىك داڭلىق سەيياھ ماركوپولودىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ لوپ رايونىغا كەلگەن پېرژېۋالسكىيدىن كېيىن، 1885 ـ يىلدىن 1887 ـ يىلغىچە ئەنگلىيەلىك كارېي ۋە دالگېلىش، 1887 ـ يىلى ياڭخاسبەند، 1889 ـ يىلى فىرانسىيەلىك بونۋالوت، 1889~1890 ـ يىللىرى گىروم گىمايلوف قاتارلىقلارمۇ لوپ رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان. پېرژېۋالسكىي يەنە بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە 1885 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە قارا قوشۇن كۆلى بويىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈشتە بولغان. پېرژېۋالسكىينىڭ لوپ كۆلىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئىلىم ساھەسىدە زىلزىلە قوزغىغان. 1888 ـ يىلى گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس بارون ۋون رىچخوفېن (1833 ـ 1905) پېرژېۋالسكىي بايقىغان «لوپ كۆلى»نىڭ ئورنىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش كۆلى — يەنى تارىختىكى لوپ كۆلى بولماستىن، بىر ئارىلىق كۆل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1893 ~ 1894 ـ يىللىرى رۇسىيەلىك كوزلوف لوپ رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدا قۇرۇق ئېقىندىن بىرى بارلىقىنى بايقىغان بولسىمۇ، بۇ قۇرۇق ئېقىن، يەنى كۆنچى دەرياسى ئېقىنى بويىچە تەكشۈرۈپ تارىختىكى لوپ كۆلىگە يېتىپ بارالمىغان. بۇ ۋاقىتتا رىچخوفېننىڭ شاگىرتى، شۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى سېۋېن ئاندىرىس ھېدىن (1865 ـ 1952) لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن دىيارىمىزغا كېلىپ ئېكسپېدىتسىيەسىنى باشلىغان. 1896 ـ يىلى سېۋېن ھېدىن كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ تاراملىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كوزلوف «لوپ كۆلى» ناملىق بىروشورا نەشر قىلدۇرۇپ، كۆنچى دەرياسى شەرققە ئېقىپ بېرىپ قارا قوشۇن كۆلى (پېرژېۋالسكىي بايانىدىكى لوپ كۆلى)گە قۇيۇلىدۇ دەپ يېزىپ، سېۋېن ھېدىننىڭ قاراشلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پېرژېۋالسكىينىڭ شۆھرىتىنى قوغدىماق بولغان. سېۋېن ھېدىن مۇشۇ مۇنازىرىلەرنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە، 1900 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كۆنچى دەرياسىنىڭ كەڭلىكى 91.4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 3.66 مېتىردىن 4.58 مېتىرغىچە كېلىدىغان

قۇرۇق ئېقىننى بايقىغان ھەمدە تارىختا تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى مۇشۇ ئېقىن بويىچە ئېقىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان دەپ قاراپ، دەريا بويلاپ تەكشۈرۈپ، ئاخىر كىروران شەھىرى خارابىسىگە يېقىن بولغان لوپ كۆلىنى بايقىغان ھەم مۇشۇ تەكشۈرۈشلىرىنى ئاساس قىلىپ «كۆچمە كۆل» نەزەرىيەسىنى 1902-يىلى ئېلان قىلغان. سىۋېن ھېدىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قارا قوشۇن كۆلىنى نىشانلاپ كېتىۋاتقاندا زاپاس سۈيى خېلىلا ئازلىغانىدى. ئۇلار بىر ئويمانغا كېلىپ يۇلغۇن تۈۋىدىن قۇدۇق قازماقچى بولغاندا، ئالدىنقى كۈنىدىكى قونالغۇسىدا گۈرجەكنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بىلىشكەن. ئەترەتتىكىلەرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن گۈرجەك ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، ئۇنى تېپىپ كېلىشنى لوپلۇق ئۇيغۇر يىگىتى ئۆردەك تەلەپ قىلغان. سىۋېن ھېدىن بوران چىقىش ئېھتىماللىقىنى بىلگەچكە كۆپ ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، ئەترەتتىكىلەرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆردەكنىڭ بېرىپ تېپىپ كېلىش تەلىپىگە قوشۇلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۈچرىشالمىسا قارا قوشۇن كۆلىنى نىشانلاپ مېڭىشنى تاپىلاپ يولغا سالغان. ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك، ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەندە، قاتتىق بوران چىققان. گۈرجەكنى ئىزدەپ يولغا چىققان ئۆردەك قاتتىق بوراندا يولدىن ئېزىپ قېلىپ بىر خارابىلىككە بېرىپ قالغان ھەم شۇ يەردە تۈنىگەن. شامال پەسىيىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە ئۆزى بېرىپ قالغان خارابىلىكتىن ئويما بېزەك بار بىر نەچچە ياغاچنى ئاتقا ئارتىپ گۈرجەكنى تېپىپ سىۋېن ھېدىنلارغا يېتىشكەن، بۇ 1900-يىل 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ئىدى. سىۋېن ھېدىن ئۆردەك ئېلىپ كەلگەن ياغاچ بېزەك ۋە قەدىمكى خارابە توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھاياجانلانغان، گەرچە دەرھال بېرىپ تەكشۈرگۈسى بولسىمۇ، سۇ، ئوزۇقلۇق، تەبىئەتنىڭ ئىللىشى، بوران پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن 3-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن باشلاپ ئىسلام باي كېچىسى ئوت يېقىپ بەلگە بېرىۋاتقان قارا قوشۇن كۆلى تامان يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ھەمدە ئۆردەككە كېيىنكى يىلى ئۆزىنىڭ قايتا كېلىدىغانلىقىنى، يول باشلاپ ئاشۇ خارابىگە ئېلىپ بېرىشنى جېكىلىگەن.

1901-يىلىنىڭ بېشىدا سىۋېن ھېدىن يەنە ئەترەت تەشكىللەپ كۆنچى دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى بويلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولغان ھەمدە خەرىتىسىنى سىزغان. 3-ئايدا ئۆردەك ئالدىنقى يىلى بايقىغان خارابىلىك (ستەيىن 1906-يىلى LB دېگەن شەرتلىك بەلگىدە كۆرسەتكەن)، ھازىر كىروران شەھىرى خارابىسى دېيىلىۋاتقان قەلئە (ستەيىن 1906-يىلى LA دېگەن شەرتلىك بەلگىدە ئاتىغان) ۋە باشقا خارابىلىلەرنى بايقىغان ھەم تەكشۈرگەن. مۇشۇ تەكشۈرۈش داۋامىدا 150 پارچە تارشا پۈتۈك ۋە قەغەز پۈتۈكلەرنى قېزىپ چىققان. دوكتور سىۋېن ھېدىن شەھەر خارابىسىدىن تاپقان يادىكارلىقلارنى ۋېسبادېندىكى پروفېسسور ھېركارېل ھىملىينىڭ تەتقىق قىلىشىغا تاپشۇرغان. ھىملىي تېپىلمىلاردىكى يازمىلارنى تەتقىق قىلىپ، خەنزۇچە پۈتۈكلەردە بۇ شەھەرنىڭ نامىنىڭ 楼兰 بولۇپ، 3-ئەسىرلەردە گۈللەنگەنلىكىنى دوكلات قىلغان. ھىملىي قازا قىلغاندىن كېيىن، ۋېسبادېندىكى پروفېسسور كونراد داۋاملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان، شۇنداق تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، شەھەر نامىنىڭ قارۇشتى يېزىقىدا kroraina دېيىلگەنلىكى نامايان بولغان. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كىروران شەھىرى خارابىسىدىن بايقالغان، قارۇشتى يېزىقىدىكى kroraina بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى 楼兰نىڭ بىر جاي ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن. 1901-يىلى تۇنجى بولۇپ گېرمانىيەلىك ئالىم كارې ھىملىي 楼兰نىڭ kroraina نىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەگداشلىق ئەينى زاماندىكى خەنزۇچە يازمىلاردا يېزىلغان 楼兰نىڭ سىرلىق لوپ كۆلىگە ئانچە يىراق بولمىغان خارابىنىڭ نامى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان ھەمدە يوقىلىپ كەتكەنگە 1000 يىلدىن ئاشقان كىروران قەدىمكى شەھىرى توغرۇلۇق ئىزدىنىشلەر قىزىق تېمىغا ئايلانغان. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىروران نامى قارۇشتى يېزىقىدىكى نامىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى krorainaدىن كەلگەن. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا «كىروران» ياكى «كىرورەن» دېيىلگەن بۇ نام، يېڭى ئىملا قائىدىسى بويىچە «كىروران» دەپ بېكىتىلگەن. سىماچيەن «ھۇنلار تەزكىرىسى»دە: «روران (楼兰)، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە بولدى» [1]، دېيىلگەن بولۇپ، بۇ «روران» ئەنە شۇ شەھەردۇر. 925-يىلى يېزىلغان «تاڭغۇت يولىغا ساياھەت» ناملىق ئەسەردە «روروۋناتا» [2] دېگەن تەگدىشىمۇ بار، بۇ خۇددى خوتەننىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى قوردان دېيىلىش بىلەن

بىللە «قۇستانا» دەپ ئاتالغىنىغا، ئۇيغۇر ئالىمى سېڭقۇ
سەلى تۇتۇڭ چەرچەننى «سارمادان بالىق» دەپ ئاتىسا،
باشقا مەنبەلەردە «چالمادانا» دەپ خاتىرىلەنگىنىگە
ئوخشاش. ئىلىم ساھەسىدىن ئالغاندا، كىروران نامىنى
گېرمانىيەلىك ئالىم ھېرمان «شەھەر» [3]، پىروفېسسور
مېلېك فەنرېن «زېمىن، تۇپراق» [4]، دېگەن مەنىدىكى
ئىبارە دەپ قارىغان. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ نامىنى
قانداق تەلەپپۇز قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلماقتا. مە-
سىلە، kroraina نامىدىكى k تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنامدۇ،
دېگەندەك. قىسمەن ئوقۇرمەنلەر خەنزۇچىدىكى 楼兰
(loulan)گە قاراپ، ئەسلى «روران» دېگەن سۆزدىن
كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارىغان. بۇ مەسىلە، ئەمەلى-
يەتتە ئالىملارنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان. دوكتور ستەيىن
«غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» ناملىق كى-
تابىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، جۈملىدىن 楼兰نى
kroraina دەپ ترانسكرىپسىيە دېيىش كېرەكمۇ؟ دېگەن
سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نامنىڭ kroraina ياكى
krorayinaنى مەنبە قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈر-
گۈزگەن دوكتور ستەيىن، خەنزۇ تىلىدا يېرىم سوزۇق
تاۋۇش r بولمىغانلىقتىن l غا ئالماشتۇرغان، دەپ قارىغان
ھەمدە «ئەگەر، بارلىق چەت ئەلچە ئىسىملارنى خەنزۇ
تىلىغا ئوقۇلۇشى بويىچە تەرجىمە قىلغاندا كۆرۈلىدىغان قە-
يىنچىلىق ھەمدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى نام-
لارنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا بىرەر پىرىنسىپنىڭ بولماسلى-
قىدىن قارىغاندا، 楼نىڭ 克罗 (kro)غا ئەڭ يېقىن كېلىدى-
غان تەلەپپۇز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتىمىز. 兰(lan)
تەلەپپۇزىنى 来那 (raina) ياكى 来伊那 (rayina)غا نا-
ھايىتى يېقىن كېلىدۇ» [5]، دەپ يازغان. كىروران نامىنى
مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىكى گرېك ئالىمى پتولمېينىڭ «جۇغ-
راپىيە» ناملىق كىتابىدا khauranai سوغداقچە پۈتۈكلەر-
دە kr´wr´n ئۇدۇن يېزىقىدا raurana، دەپ خاتىرىلەن-
گەن. ياپونىيەلىك ئالىم ناكازاۋا كازوتوشى «كىروران
خانلىقى» ناملىك كىتابىدا، قارۇشتى يېزىقىدىكى kroraina
نامىنى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئادەملەر ئېلىپ كەلگەن
سۆزلەم بولۇپ، ھىندى تىلىدىكى تۇپراق دېگەن
سۆزدۇر، 楼兰 ئەنە شۇ سۆزدىن تەلەپپۇز تەرجىمىسى
قىلىنغان [6]، دەپ قارىغان. مېلېك فەنرېن 楼兰 نامىنى
قارۇشتى يېزىقىدىكى krorainaنى ئەمەس، يەرلىك كىشى-
لەرنىڭ تىلىدا قويۇلغان ئىسىمدىن تەلەپپۇز تەرجىمىسى قە-
لىنغان [7]، دەپ قارىغان.

ھەر تۈرلۈك پەرەزلەردىن كۆرە، kroraina دەپ تە-
رانسكرىپسىيە قىلىنغان نامنىڭ قارۇشتىچىدە قانداق ئوقۇ-
لۇشى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. قارۇشتى يېزىقىنى تەتقىق
قىلىدىغان پىروفېسسور لىن مېيسۇن، كىروران توغرۇلۇق
خېلى چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزگەن تەتقىقاتچى مېلېك
فەنرېن... قاتارلىقلار krorain نامىنى 库罗来纳 ياكى
克楼拉因 دەپ ئوقۇغان، بۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن،
قارۇشتى يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىدە kr تاۋۇشىنىڭ بولغانلىقىنى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھازىر كىروران شەھىرى دەپ قارى-
لىۋاتقان LA ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەردىن تې-
پىلغان يازما پۈتۈكلەر ئىچىدە خەنزۇچە 楼兰 دېگەن
جاي نامى بارلىرىدىن LA خارابىسىدىن 17 دانە،
kroraina دېگەن نام بار قارۇشتىچە پۈتۈكلەردىن ئالتە
دانە تېپىلغان (قارۇشتى يېزىقىدىكى كىروران نامى بار پۈ-
تۈكلەردىن LA خارابىسىدىن ئىككىسى، LB خارابىسىدىن
بىرى تېپىلغان. بۇلاردىن kh.696، kh.678، kh.706 نو-
مۇرىدىكىلەر ئەڭ مۇھىم، مۇشۇ ئۈچ ۋەسىقە LA خارابى-
سىنىڭ كىروران شەھىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
بەرگەن). مانا بۇلار، بىر جاي نامىنىڭ ئىككى خىل يېزىق-
تىكى خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇلار LA
خارابىسىنىڭ كىروران شەھىرى ئىكەنلىكىنى، يەرلىك
خەلقنىڭ يۇرتىنى «كىروران» دەپ ئاتىغانلىقىنى، قارۇش-
تى يېزىقىدا مەلۇم دەرىجىدە سانسكرىتچىلاشقان ھالدا
kroraina دەپ، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى
خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە 楼兰 دەپ تەلەپپۇز
تەرجىمىسى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

7 ـ ئەسىردىكى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە
ساياھەت خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە، راھىب شۈەنزاڭ ھىن-
دىستاندىن نوم ئېلىپ ۋەتىنىگە قايتىشتا پامىردىن
ھالقىپ يەكەن، قەشقەر، خوتەن، چەرچەن، چاقلىق،
دۇنخۇاڭ ئارقىلىق ماڭغان. شۈەنزاڭنىڭ ئېيتىپ بېرىد-
شى بىلەن خاتىرىلەنگەن يۇقىرىقى كىتابنىڭ 12 ـ جىلدىدا،
بۇددىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىنغانلىقتىن قۇمغا كۆمۈلۈپ
كەتكەن 曷劳落迦 شەھىرىنىڭ رىۋايىتى خاتىرىلەنگەن
پىروفېسسور سۇ بەيىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، رىۋايەتتە بايان
قىلىنغان 曷劳落迦 krolayna دېگەن نامنىڭ تەلەپپۇز
تەرجىمىسى ئىكەن. ئۇ، 曷劳落迦 رىۋايىتىنى قارا دۆڭ
خارابىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، نامى krolayna

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى، «شەھەر» [8] دېگەن مەنىدە دەپ قارىغان ۋە «كىروران قەدىمكى شەھىرى ئورنىنىڭ بېكىتىلىشى، سېۋېن ھېدىن بايقىغان خەنزۇچە پۈتۈكلەردە ئېنىق يېزىلغان 楼兰نىڭ دېگەن ئىككى خەتتىن كەلگەن. قارۇشتىچە ئارخىپلاردا krolayna سۆزلىمى تەكرار چېلىقىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى «شەھەر» دېگەنلىكتۇر. krolayna خەنزۇ تىلىدىكى 楼兰 نىڭ ئېتىمولوگىيە مەنبەسى. 楼兰نىڭ «شەھەر» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى خەنزۇچە ۋە قارۇشتىچە ماتېرىياللار ئارقىلىق بېكىتىلگەن» [9]، دەپ يازغان. يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئېيتىلغان 曷劳落迦 شەھىرى بىلەن قارۇشتى يېزىقىدىكى krolayna نىڭ تەلەپپۇز يېقىنلىقى بىر نامنىڭ ئىككى خىل خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇشۇ رىۋايەت بىلەن 14-ئەسىردىكى شەھىرى كىتىك ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئوخشاشلىقى، ئەينى زاماندا 曷劳落迦 ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇشى مۇمكىن. 曷劳落迦 دېگەن نامنىڭ ئەينى زاماندىكى تەلەپپۇزى مەسىلىسى مۇھىم ھالقىلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا پاكىتلارغا ئاساسلانغان ئالىملار يۇقىرىقى نامنى كىروران شەھىرىنىڭ نامى، krova سۆزلىمىگە ئەنەتكەكچە ئۇلانما ka ئۇلانغان، kroraimna نامىنىڭ ئۆزى دەپ قارىغان [10].

kroraina نىڭ ئوقۇلۇشى مەسىلىسىگە ئارخېئولوگ، دوكتور فولك بېرگمانمۇ دىققەت قىلغان، ئۇ، «تارىم ئويمانلىقىدا تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە، بۇ يەرنىڭ نامى kroraina ياكى kroraimna دەپ ئاتالغان. كېيىنچە يەنە بىر خىل raurata دەپ تەلەپپۇز قىلىش شەكىللەندى. پىروفېسسور كارلگېرىن ماڭا ياخشى كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، kroraina قەدىمكى تەلەپپۇزى glulan بولۇشى كېرەك، دەپ ئۇقتۇرغانىدى. بۇنداق تەلەپپۇز قىلىش قارۇشتى يېزىقىنىڭ تەلەپپۇزىغا ناھايىتى يېقىنلاشقان» [10]، دەپ يازغان.

دېمەك، كىروران ئەسلىي كىروران شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر ئەلنىڭ نامى بولغان. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ نامنى قەدىمدە روران كۆلى دەپ ئاتالغان لوپ كۆلىنىڭ نامىدىن كەلگەن دەپ قارىغان. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەينى ۋاقىتتا شۇ زېمىندا ياشىغان كىرورانلىقلارنىڭ تىلىدىكى جاي نامى سانسكرىتچىلاشتۇرۇلغان ھالدا kroraina دەپ خاتىرىلەنگەن، 楼兰 مانا مۇشۇ نامنىڭ ياكى يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدىكى نامنىڭ باشقىچە تەلەپپۇز تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. بۇ نام ئەسلىدىن چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى لوپ كۆلگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ ھەمدە شۇ شەھەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بىر خانلىقنىڭ نامى ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى يازمىلاردا چاقىلىق رايونىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئەسلىي قەيەرلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشتە ئېنىقلىغۇچى قىلىپ ئىشلىتىلگەن، يەنى بۇ كىروراندۇر دەپ بايان قىلىنغان. بۇ شۇ شەھەرنىڭ قەدىمدىنلا ناھايىتى مەشھۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، kroraina نامىنى كىروران ياكى قىروران دەپ ئوقۇش بىر قەدەر مۇۋاپىق، بۇ نامنىڭ ئەسلىي يەرلىك ئاھالە تىلىدىكى شەكلى كىرورا ياكى قىرور، قورا (تىلىمىزدىكى قورو؟) بولۇشىمۇ مۇمكىن، يۇقىرىقى نامنىڭ سانسكرىتچىلاشقان شەكلى بويىچە يەشمە بەرگەندە «شەھەر» دېگەن مەنىنى ئاڭلاتقان.

ئىزاھاتلار:


[1] سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 407-بەت.

[2] سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 490-بەت.

[3] ھېرمان: «كىروران»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 58-بەت.

[4] مېلڭ فەنرېن: «كىروراننىڭ يېڭى تارىخى»، نۇر گېزىتى نەشرىياتى ۋە يېڭى زېلاندىيە هوللاند نەشرىيات چەكلىك شىركىتى، 1990-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 20-بەت.

[5] ستەيىن: «كىرورانىدىن ئۆتۈش»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2000-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 124-بەت.

[6] جياڭ شوپىڭ: «جۇڭگودىكى «پومپېي — سىرلىق شەھەر كىروران»، «شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى»، 2007-يىللىق خەنزۇچە سان 20-بەت.

[7] مېلڭ فەنرېن: «كىروراننىڭ يېڭى تارىخى»، جۇڭگو نۇرلۇق گېزىتخانىسى نەشرىياتى، يېڭى زېلاندىيە هوللاند نەشرىيات چەكلىك شىركىتى 1990-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 21-بەت.

[8] سۇ بەي: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە غەربىي يۇرت كۇلتۇرى»، ئاۋرېل ستەيىننىڭ شياڭدا تەرجىمە قىلغان: «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010-يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن باشلانما ماقالە، 4-بەت.

[9] جۇڭ شىلڭ: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرىنى تەھقىقلەش»، دۆلەتلىك كۇتۇپخانا نەشرىياتى 2008-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 390-بەت.


(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيە تېلېگرافتىن)

# تەيى بىلەن زۆھرە

(داستان)

فەسىل بۇرۇن، مۇقەددەم ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ھېكايەتلەرد-
دىن تەيى پادىشانىڭ ھېكايەتلىرىدىن بىر لەتىپ سۆز كەلتۈرۈپدۇر-
لەر كىم، ئەلقىسسە، ئاق خان قارا خان ئاتلىق ئىككى پادىشاھ بار
ئەردى. لاۋۇ لەشكەرلەرى ھەددى ھېسابسىز تولا ئەردى. دەفىنە
(دۇنيا) ئالتۇن- كۈمۈش، لەئىل- جەۋاھىر، زەر- زىۋەر بىسيا (ر)
تولا ئەردى، ئەمما فەرزەندلەرى (پەرزەنتلەرى) يوق ئەردى. كېچە-
كۈندۈز يىغلاپ ھۇكەما مۇنەججىملەرنى يىغىپ تەدەببۇرنى سورادد-
لەر. ئايدىلاركىم، ئەي پادىشاھ ئامنەھرى سەدىقە قىلىپ خۇدادىن
تىلىمەك كېرەك، دەپ مەسلىھەت بۇ يەرگە قارار تاپتىلەر. ئەلقىسسە
ۋەزىرلەر ئەيدى- «ئەي پادىشاھى ئالەم، سەن دۇئاغا قول كۆتۈر-
گەيسەن، بىزلەرئامىن دېسەك، ئىنشائاللاھ تەئالا دۇئايىمىز دەرگاھ
(ھەققىدە) ئىجابەت بولسا فەرزەند سالىھ ئاتا قىلسا كېرەك»، —
دەپ. پادىشاھ كۆزىنى كۆككە تىكىپ قول كۆتەرىپ دۇئاغا ئاغىز
ئاچتى، ھەمى لەشكەر «ئامىن، ئامىن» دېدىلەر. شول زامان دۇئا-
لەرى مۇستەجاب بولدى. ھەر ئىكى پادىشاھنىڭ مېلىكەسى ھامىلە
بولدى، توققۇز ئاي، توققۇز سائەت بولدى، ئىكۆيلەن ئانداغ ۋەدە
قىلىشتىلەر كىم «ئىكى فەرزەنت ئوغۇل بولسا ئالتۇن بۆشۈك بىر



بولسۇن، مۇبادا بىرى ئوغۇل بىرى قىز بولسا بىرىنى بىرىگە ئەلىشتۇرۇپ بېرسەك»، — دەپ ۋەدە قىلىشتىلەر. ئامما كۈنلەر دە بىر كۈن ئىككى پادىشاھ شىكارغا چىقار بولدى، سەكىز يۈز شاھ كېمان يىگىتلەر بىلە قۇش- قارچىغەلەرنى ئالدۇرۇپ ئاۋغا ئاتلاندى. ئەمما شىكارگاھى ئانداغ بازار تاپتىكىم، بۇغا- مارال، كىيك، توشقان، غاز، ئۆردەك ھەر قىسىم جاندارلەرنى شىكار قىلىپ، ئاق خان شىكاردىن يەنىپ كېلۇر ئەردىلەر. ئەلقىسسە، بۇلارنىڭ كۆچلەرى ھامىلەدار ئەردىلەر. ئاق خانىنىڭ كۆچلەرى ئوغۇل تۇغدى، قارا خانىنىڭ كۆچى قىز تۇغدى، ئامما بۇ خاتۇنلەر خۇشاللىقىدىن خەبەرگە ئەلچى ئىبەرەلى دەپ، ئاق خانغا ياراغ- جابدۇق، جىبە- جېۋشىن ئەلىپ يۈز مىڭ ئاس- ئاسە دەبدەبە بىلەن خوش خەبەرگە ئەلچى رەۋان قىلدى. ئامما قارا خانغا ئىبەردەدۇرغان ئەلچەسىنى ئۇپا بىلەن ئاقارتىپ، ئوسما بىلەن كۆكەرتىپ، ئەڭلىك بىرلە قىزارتىپ، قاراخانغا خەبەرگە ئەلچى رەۋان قىلدى. ئەلقىسسە، ئاق خانىنىڭ ئەلچىسى يېتىپ كەلدى، ئاق خان يىراقتىن كۆردىكىم نىشانەلەرىدىن بىلىپ، ئات يۈگۈرتۈپ كېلۇر ئەردى، قەزارا ئاتىنىڭ پۇتى بىر ساچقانىنىڭ تۆشۈكىگە سەپىلىپ ئات يېقىلدى، ئاتىنىڭ يۇلۇنى ئۈزۈلدى، ئاق خان بوينى ئۈزۈلدى، جان بىھەق تەسلىم قىلدى. ئانغىچە قاراخانىنى ئەلچىسى يېتىپ كەلدى. قارا خان كۆرۈپ مەنىڭ خاتۇنۇم بىر چاپان ياماغۇچىنى تۇغۇپدۇر دەپ مەلال بولۇپ ئاھەستە- ئاھەستە كېلىپ كۆرسەلەر، ئاق خان يولدا ئۆلۈپدۇر. قارا خان بۇ ۋاقەنى كۆرۈپ پەرىشان بەدىماغ بولۇپ ئاق خان جەسەدىنى شەھەرگە يەقىن ئەكېلىپ نامازىنى ئۆتەپ، دەفنە قىلىپ، ئاندىن كىن شەھەرگە چىرىپ يارلىغ قىلىپ ئەيدىلەركىم، «ئىككى ئىنەگە سالىنلەر، ئاياللەر ئىلمىلداش بولمەسۇن»، — دېدىلەر. ئامما ئاياللارغا ئانچۇنان تەربىيەتلەر قىلىپ، يەتى ياشقا چىردى، ئاندىن پادىشاھ يارلىغ قىلدىكى، «ئوغلۇم بىرلە قىزىم كەمالىغە يەتگۈنچە بىر باغ تەيار قىلىڭلار. ئامما چىناردىن بۆلەك يەنە ھېچ نەرسە سالماڭلار»، — دېدىلەر. ئەلقىسسە، ئول باغ گوياكى بېھىشتىن نىشانە بېرەدۇر ئېدى. ئاناغىچە (ئانقاچە) قارا خانى بۇ بالالەر ھەر ئىككەلەسى دادام دەپ بىر- بىرىنى ئاكام، ئۇكام دەر ئەردىلەر. نېچۈنكى بۇ ئىككى بالالەر تۇغۇلۇپ يەتى كۈن بولغان ۋاقتىدا، قارا خان ئاق خانىنىڭ فەرزەندىگە تاھىرجان، ئۆزىنىڭ فەرزەندىگە زوھرەخان دەپ ئات قويۇپ، تاھىرخانى ئاكامنىڭ يادىكارى دەپ تولا ياخشى كۆرۈپ، بالام دەپ پەرۋەرىش قىلغان ئەردى. تاھىرخان پادىشاھ ھەم قاراخانىنى دادام ئۇشبۇ خىيال قىلۇر ئەردى. ئەلقىسسە، كۈنلەردە بىر كۈن قاراخانىنىڭ يۇرتىغا ياغى كەلدىلەر. پادىشاھ يارلىغ قىلدىلەر: «ھەركىم بۇ ياغىنى ياغىلاپ كەلسە، قىزىمنى ئاڭا بېرەي»، — دەپ ۋەدە قىلدى. پادىشاھنىڭ بىر قۇلى بار ئەردى، قارا باتۇر دەپ، شول بەرىپ، ياغىنى ياغىلاپ كەلدى. زوھرە خانىكامنى قارا باتۇرغا بېرۇر بولدى. ئەلقىسسە، باھار ۋاقتى بولدى، ئۇشاق بالالەر يارغاچ ئويناپ يۇرۇيدۇر، تەيى پادىشاھ ئەنى كۆرۈپ قاراخانغا ئەيتى كى، «ئاي داداكا، ئەلنىڭ بالالارى يارغاچ ئويناپدۇر»، دېدى. پادىشاھ ئەيتتىكى، ئەي بالام ئەلنىڭ بالالەرى يارغاچ ئويناسە، سىز ئاق يار ئەلىپ چىقىپ ئويناڭ»، دەپ بىر يار ئەلىپ چىقىپ بەردى. تەيى خان ئەنى بىر تارتىپ سىندۇردى. يېنە بىر يار ئالىپ چىقىپ بەردى، ئانى ھەم سىندۇردى. ئەلەيھال قىياس،تۆت يارنى بۇ تەرىقە بىلەن بىردىن- بىردىن تارتىپ ھەمەسىنى سىندۇردى. ئاخىر ئەل ئەمىر پادىشاھنىڭ باباسىدىن (بوۋاسىدىن) قالغان بىر يارى بار ئەردى، نەچەند زاماندىن ھېچ كىشى تارتالماس ئەردى، شول يارنى ئەلىپ چىقىپ بەردى، ئەنى ئويناغالى ئەلىپ چىقىپ ئۇشاق بالالەر بىرلە نەچەند زامان يار ئەتىپ ئوينادى، ئاندىن كىن قىش بولدى. بالالەر مۇز تۆپەسىدە ئۇشۇق ئويناپ يۇرۇيدۇر. تەيى خان ئەنى كۆرۈپ يەنە ئاتاسى قاشىغاكىردى. ئەيتى كى، «ئەي داداكا، بالالەر ئۇشۇق ئويناپ يۇرۇيدۇر»، — دەپ ئىدى پادىشاھ ئەيتى كى، «ئەي بالاكام، بالالەرنىڭ ئۇشۇقى سۆڭەك بولسا، مەن سىزگە كۈمۈش ئۇشۇق، ئالتۇن ساقە ئەتتۇرۇپ بېرەي، مەكتەبغا بارىڭ»، دېدى. شاھزادە مەكتابغا كەتتى، مەكتابدىن كەلگۈنچە، كۆمۈش ئوشۇق، ئالتۇن ساقە ئەتتۇرۇپ قويدى. تەيى خان مەكتابدىن كېلىپ ئېدى، پادىشاھ كۆمۈش ئۇشۇق بىلەن ئالتۇن ساقەنى تاھىرخانىنىڭ ئالدىدا قويدى. پادىشاھقا تازىم قىلىپ ئەيناغالى ئەلىپ چىقتى، ئوقوغالى بارغانچە ئويناپ بارۇر ئەردى. بىر دەللە ۋەزىر، شوخا تۇمشۇق، سوڭگۇچ قولۇڭ مېرقەد ۋرۇن رىفىد قالپاق، يەتىپ ئۇسارغاق قەرى سۇ ئۇسۇپ ئولتۇرۇر ئەردى. تەيى خان بىر چەرتىپ، ئىككى

چەرتىپ ئالتۇن ساقە بىلە ئەتىپ ئېدى، دەللە قەرىنىڭ قاپاقى سىنىپ كەتتى، دەللە قەرى ئەيدى:

هاي شۇم يېتىم، ئەقرەب يېتىم،
كېلىپ ئالدىمدە يەتىڭ.
بىر ئۇراي چوپۇر چەچىڭ،
باي-باچەگە تۇماق پىچىڭ.

دەپ ئېدى، تەيى پادىشاھ مەن تۇماق پىچاي دەپ دەللە قەرىنى بىر پەشۋار ئۇرۇپ ئېدى، موما ئەيدى: «ئەي پادىشاھىم، مەنىڭ بىلەن ئويناشىغونچە، قوللاشلىغلارى بىرلە ئويناشسەلەر بولمامدۇر»، دەپ ئېدى، تەيى پادىشاھ ئەيدى كىم، «ئەي موما، مەنىڭ قوللاشلاغىم كىم» دېيۋالدى. «زوھرە خەنىكام»، دېدى. بىز زوھرە خەنىكام بىلەن بىر تۇققان ئېمەسمۇ، دەپ ئەردى، «ياق، بۆلەك-بۆلەك تۇققان» — دېدى. ئەۋۋەلدىن ئاغرىغە ۋاقىنى بىر-بىر بەيان قىلدىلار. يەنە بىر رىۋايەتدە، تاھىر پادىشاھ «ئەي موما مەنىڭ قوللاشلاغىم كىم» دەپ ئېدى، «قوللاشلىغلەرىنى ئاناكالەرىدىن سورەسەلەر بولۇر» دەپ ئېدى. تاھىر پادىشاھ ئەيدى: «ئەي موما، ئانامدىن نېمە دېپ سورايمەن»، دەپ ئەردى. موما ئەيدى: «ئەي پادىشاھىم، ئۆيلەرىگە بەرىپ ئاناكالەرىغە، ئەي ئانا، مەكتەبدە بالالەر قوماچ يەيدۇر، مەڭە قوماچ قورۇپ بېرىڭ، — دېسەلەر، قوماچ قوراغالى تۇرغان ۋاقتىدا ئۆگۆزىگە چىقىپ تۆگنۆر لەبىدە ئولتۇرسۇنلەر، ئانالەرىغە ئايتسۇنلەركى ئەي ئانا، ماڭە قازاندىن قىزىق قوماچ ئەلىپ بەرىڭ دېسۇنلەر، بەرسە قولۇگىزدە بەرسەگىز يەرمەن، قاچادا بەرسىڭىز يېمەيمەن، دېسۇنلەر. ۋاقتىكى قىزىق قوماچنى قولى بىلەن ئەلىپ تەگلەسە، قوللەرىنى توگنۆكدىن ئۇزارتىپ ئانالارىنىڭ قولنى قىزىق قوماچ بىلەن قوشۇپ، مەھكەم تۇتۇپ، ئەي ئانا، مەنىڭ قوللاشلاغىم كىم دەپ سوراسەلەر، راستى بىلەن ئەۋۋەل ئاغىر جەۋاب بېرەدۇر»، دەپ ئەردى. تاھىر پادىشاھ مومادىن بۇ سۆزنى ئېشىپ، ئۆيلەرگە بەرىپ ئانالەرىغە ئەيدىكىم، «ئەي ئانا، مەكتەبدە بالالەر قوماچ يەيدۇر. ماڭا قوماچ ئېتىپ بېرىڭ» دەپ ئۆزى ئۆگۆزىگە چىقىپ تۆگنۆك لەبىدە ئولتۇردى. ئاناسى قوماچنى تېييەر قىلىپ، «ئەي بالام، قوماچ تېييەر بولدى، ئۆيگە تۈشۈڭ» دەپ ئەيدى. تاھىرپادىشاھ ئەيدى: قوماچنى تۆگنۆكدىن سۇنۇپ بېرىڭ»، دېدى. بىر قاچاغە ئەلىپ سۇنۇپ ئېدى، «قولۇگىزدا ئەلىپ بەرىڭ»، دېدى. قولىدا ئەلىپ سۇنۇپ ئېدى، «بۇ سوۋاق قوماچ ئىكەن، قىزىق ئەلىپ بەرىڭ» — دېدى. قىزىق قوماچنى ئەلىپ سۇنۇپ بەردى، ئاناسىنىڭ قولنى قوماچ بىلەن قوشۇپ مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، «ئەي ئانا، مەنىڭ قوللاشلاغىم كىم» دەپ ئەردى ئانالارى ئەيدى، «ئەي بالام قولۇمنى قويۇپ بېرىڭ، ئاندىن ئەيتىپ بېرەي» دەپ ئەردى، «ئەيتىپ بەرىڭ، ئاندىن قوياپ بېرەي» دېدى. ئاندىن ئاناسى ئەيدى: «ئەي بالام، سىزنىڭ قوللاشلاغىڭىز زوھرا خەنىكام» — ، دېدى. ئاندىن قولنى قويۇپ بەرىپ ئەيدى كى، «ئەي ئانا، قانداغ قىلسەم مەڭە قوللاشلىغ بولەدۇر»، دەپ ئەردى. «ئەي بالام، مەكتەبغە بارغونچە زوھرە خەنىكامنىڭ بۆركنى ئەلىپ قاچىڭ، شۇندا كۆگۈل تاپىشىپ قالۇرسىزلەر»، دەپ ئەردى. دەللە ۋەزىر قەرىنىڭ سۆزى بىرلە تەيى پادىشاھغە زەۋق-شەۋق پەيدا بولدى. زوھرە خەنىكامنىڭ فىراقى سىنەسىدە بەند بولدى، ئول كېچە تاڭ ئاتغونچە تەيى پادىشاھنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەدى. ئەرتەگەن قوپتى، «موللام ئەرتەگەن كېلىڭلەر دەپ ئەردى، ھېلى بارمەسام ئەرتەگەن كېلمەدىڭلەر دەپ سوقارمىكى» دەپ ئەرتەگەن كېلىڭلەر دەپ ئەردى، ھېلى بارمەسام ئەرتەگەن كېلمەدىڭلەر دەپ سوقارمىكى» دەپ ئەرتەگەن چىقىپ زوھرەخەنىكامنىڭ قاشىغا باردى، تەخى ياتار ئەردى. تەيى ئاكام مەكتەبغە بارسا مەنمۇ باراي دەپ قوپتى، «بۆركۈمنى تۇتۇپ تۇرۇڭ، يۈزۈمنى يۇۋالاي» دەپ ئەردى. يۈزنى يۇپ بولغونچە بۆركنى ئالىپ قاچتى. زوھرە خەنىكەم ئەيتتى: «ئەي ئاكا، بۆركۈمنى بېرىڭ». تەي پادىشاھ «ئەي ئاكا بىر سۆيۈپ قويۇڭ» دەپ بىر سۆيۈپ ئىككى سۆيۈپ بارۇر ئەردى. زوھرە خەنىكام ئەيدى: «ئەي ئاكا، مەنى بىر تۇققانچىلىقتىن سۆيەدۇرلەرمۇ يا بۆلەك ئىش ئۈچۈن سۆيەدۇرلەرمۇ؟» — ، دېدى. تەيى پادىشاھ ئاناسىنىڭ دېگەن سۆزنى بىر-بىر تەقرىر قىلدىلەر. شول سۆز بىلەن زوھرە خەنىكامغا زەۋق-شەۋق پەيدا بولدى. تەيى پادىشاھنىڭ سىنە ساندۇقىدە بەند بولدىلەر. ئىككەۋلەن ئانداغ ئاشىق-مەشۇق بولدىلەركى، بىر ئايلىق ئەلىمنى ھەفتەدە، ھەفتەلىك ئىلىمنى بىر كۈندە ئوقۇدىلەر. ئاندىن كىن چاھارباغ چىنار باغلەرنى ياد قىلدىلەر. بىر كىشى ئازاد قويدۇرسە خوشمۇئوينار ئەردۇك دەر

uyghurkitap.com



ئەردى، شول زامان بىر بالا «ئەسسەلام ئەلەيكۇم» دەپ ئەردى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام كىلىك ئولتۇرۇڭ»، ــ دېدى. ئول بالا ئەيدى، «ئەي موللام، خۇدا يولىدا بىر ئاش ئېتىپ بېرەي دەپ بىر ئەچكۇ ئۆلتۈرۈپ ئېيدىم، شۇنىڭ تېرە ـ كاللىسغا دۇئا قىلىپ بەرسەلەر» دەپ ئېدى. موللا ئەيدىكى، «ئاندىغ بولسا بالالار ئازاد بولۇڭلار، پەنجشەنبە كۈنى ئەرتەگەن كېلىڭلار» دەپ ئازاد قىلدى. تەيى پادىشاھ بىلە زوھرە خانىكەم خۇشال خورام بولۇپ چىنار باغلەرغە كەلدىلەر، مەجلىس ئاراستە قىلدىلەر. ئوتتۇن ئورنىدە سەندەل بەققەم قالادىلەر. ئالەم خوشبوي بولدىلەر. بىر دەللە قەرى ۋەزىر بارئەردى، كۈن كەچ بولدى، باغقە تەرمەچ تەرگەلى چىردى، چەھەر باغ ـ چەنارباغدىن نەغمە ناۋانىڭ نەغمە نەۋانىڭ ئاۋازى كېلەدۇر، باققۇدەك بولسە تەيى پادىشاھ بىلەن زوھرە خەنىكام مەجلىس قىلىپ ئولتۇرۇپدۇر. ئول دەللە ۋەزىر قەرى يۈگۈرۈپ باردى، قارا باتۇر قۇلغە خەبەر قىلدى. قارا باتۇر قۇل ئەيتىكى «زوھرە خەنىكام مەڭە ۋەدەلىك ئېدى، ئەرتەگەن قۇرغۇيۇمنى ئەلىپ چىقىپ بىر توقۇز جەبجىق ئالدۇرۇپ كەباب قىلىپ زوھرە خەنىكامغا تۇتارمەن. زوھرە خەنىكام مەجلىس قىلىپ ئولتۇرۇپدۇر. ئول دەللە ۋەزىر قەرى يۈگۈرۈپ باردى، قارا باتۇر قۇلغە خەبەر قىلدى. قارا باتۇر قۇل ئەيتىكى «زوھرە خەنىكام مەڭە ۋەدەلىك ئېدى، ئەرتەگەن قۇرغۇيۇمنى ئەلىپ چىقىپ بىر توقۇز جەبجىق ئالدۇرۇپ كەباب قىلىپ زوھرە خەنىكاھغاتۇتارمەن. زوھرە خەنىكام ماڭا ئاياق تۇتار، تەيىنىڭ قوڭغە تەپىپ قوغلاپ چىقارۇرمىز» ، دېدى. تاڭ ئاڭغۇنچە قارا باتۇر قۇلنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەدى. ئەتەگەن قوپۇپ قۇرغۇيىنى ئەلىپ چىقىپ بۇ كافىر قۇل بىر قۇشلاپ، ئىكى قۇشلاپ بىر توقۇز قۇشلاپ ئەردى، بۇ بەدرەكنىڭ قۇرغۇيى چەھەرباغقە تۇشۇپ كەتتى. قارا باتۇر قۇل ئېيتتىكى بىر سۆز تاشلاپ باقاي، نېمە جاۋاب بېرەدۇر، دەپ بۇ سۆزنى تاشلادى.

قۇرغۇي سالدىم قارچىغە،
ئالدى تۇشتى باغچىغە.
قۇرغۇيغانىم يوقالدى،
سوراغ بولسۇن باغچىغە.

دەپ ئەردى، تەيى پادىشاھ بۇسۆزنى تاشلەدى:

قۇرغۇي سالسەڭ بولمەسمۇ،
قۇرغۇي جەبجىق ئالمەسمۇ.
بۇرنە سۆيگەن زوھرامنى،
يەنا سۆيسەم بولمەسمۇ؟.

دەپ زوھرە خەنىكامنىڭ بويۇنىدىن قايرىپ لەبىدىن بىر توقۇز نەشبىت ئۈزدىلەر. بۇ كافىر مۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى پارە ـ پارە قىلىپ مىدەسىگە مۇشلاپ پادىشاھ قاشىغا كېلىپ «داد پادىشاھىم» دەپ قىچقىردى. «ئوتتۇز كۈن روزەنى مەن تۇتسام ئەيدىنى (ھېيتنى) تەيى بىلەن زوھرە خەنىكام قىلامدۇر» ــ ، دېدى. پادىشاھ ئەيتتىكى، «ئەي بەدرەك، بار دۇنيادا بىرقىزىم بولسە ئەنى مۇشتۇمچە جەنىدا مۇنداقىغ بەدنامنى قىلۇرمۇسەن»، ــ دەپ ئەيدى. «ئەي پادىشاھىم، ئۇشبۇ سۆزۈم يالغان بولسە بەشىم تۇرمەسۇن»، ــ دەپ بىر توقۇز ئەنتنى بىر ئىچتى. ۋەزىر ئۇمەرالەرغە بۇيۇرەدى، «بەرىپ تەھقىقلەپ كېلىڭلەر» دەپ. بەگلەر بەرىپ تەھقىقلەپ باقسە قارا باتۇر قۇلنىڭ سۆزى راست چىقتى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ «بەرىڭلەر، مەكتەبخان موللامنىڭ ئىشكىدە يەنە بىر ھويلى سېلىڭلەر، بويى يىگىرمە غۇلاچ توغراسى ئون غۇلاچ بولسۇن» ، ــ دەپ يارلىغ قىلدى. بۇ ھويلىنى تەييەر قىلغان مەمۇرلەرگە بىر خەزىنە ئىنئام قىلدىلەر. ئىشىكگە شەددەلىك قۇلۇپ سالدىلەر، ئاچقۇسىنى موللاغە بېردىلەر. ئەيدىكى، «ئەي موللا، تەيى پادىشاھغا بۆلەك ساباق بېرىڭ، زوھرە خەنىكامغا بۆلەك ساباق بېرىڭ، بىر ـ بىرىنىڭ جەمالىنى كۆرمەسۇن»، ــ دەپ يارلىغ قىلدى. ئاڭغىچە قىرىق كۈن بولدى، قىرىق بىرىنچى كېچەسى تەيى پادىشاھ كېسەل بولدى، كۆڭلىدە كەچۈردىكىم زوھرە خەنىكام ئاغرىسە ئاتا ـ ئانىسى باقار، مەن ئاغرىسام كىم باقار؟ ئاتا ـ ئانام يوق ئۆلۈكۈمنى قارغا ـ قوزغۇنلەر يەپ كېتەر دەپ تەيى پادىشاھ ئۆز ھالىغە بۇسۆزنى تاشلەدى:

قىرىق كۈن بولدى ئەي يارىم،
ۋەسلىڭدىن جۇداردۇرمەن.
ۋەسلىڭدىن جۇدا بولغاچ،
غەمگە مۇپتەلادۇرمەن.
بۇ كۆڭۈل فىراقىدە،
دەربەدەر گەدادۇرمەن.
كۆل بولدى مەنىڭ جىسمىم،
بىر يولى ئادادۇرمەن.

ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرسەم،
باشقەنىڭدىن ئۆيرۈسەم.
ئۆلسەم ئارمانىم يوقدۇر،
ئاياغىندا جان بەرسەم.
بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
مۇھەببەت ئوتىنى باغلەر،
ئاندە قالسە چەھارباغلەر،
تەيى ئۆلسە كىم يىغلەر.
دەپ ئەردى زوھرە خەنىكام بۇسۆزنى تاشلەدى.
بۇتاغلەر ئېگىز تاغلەر،
مۇھەببەت ئوتىنى داغلەر.
ئاندە قالسا چەھەر باغلەر،
تەيى ئۆلسە زوھرام يىغلار.

دېدى. تەيى پادىشاھغە بىر ھىممەت پەيدا بولدى،
ساچراپ ئورنىدىن قوپتى، تامغە بىر پەشۋا ئۇردى، يىگىر-
مە غۇلاچ تام گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈپ كەتتى، ئىكى ئاشىق
بىر بولۇپ قول تۇتەشىپ چەھارباغ چىنارباغقە باردىلەر،
شول ئەسنادە موللامنىڭ قولاقىغە بىر ئاۋاز ئىشتىلدى،
چىقىپ باقغۇدەك بولسە ھويلىنىڭ تامى پارە-پارە بولۇپ-
تۇر، موللا بۇ ۋاقىتنى كۆرۈپ ھۇش كاللاسىدىن كەتتى.
جان قويماچغە يەتتى، ئاغرىق بولۇپ يۈزىگە زەر سىزى
چۈبە سۇرتۈپ چاپاق بولماق ئۇچۇن، كۆزىگە پىقراپ
قالدى. ئەۋۋەل بەشى ئاندىن قابۇرغەسى يەماچلەرى
ئاغرىق كىشلەردەك ئىنجىقلاپ ياتتى. تەيى پادىشاھ
بىلەن زوھرە خەنىكام پەنچشەنبە كۈنى چاھار باغ، چىنار
باغدە نەغمە نەۋالەر بىرلە مەجلىس ئارەستې قىلدىلەر،
يەنە شول فەنلە قولڭ قەرى باغقە تىرمەچ تىرگەلى
چىردى. چەھارباغدە نەغمە-نەۋالەرنىڭ ئاۋازى كەلدى.
كېلىپ باققۇدەك بولسە تەيى پادىشاھ زوھرە خەنىكام
مەجلىس قىلىپ ئولتۇرۇپدۇر، يۇگۈردى، بەرىپ قارا
باتۇر قۇلغە خەبەر ئەيتتى، بۇ غىنە بەدرەك قۇل ئەيتتە-
كى: «ئەي موما، ئەرتەگەن قۇرغۇيۇمنى ئەلىپ چىقىپ
بىر توقۇز جەبجىق ئالدۇرۇپ كەباپ قىلىپ زوھرامغە تۇ-
تارمەن، زوھرام ماڭا ئاياق تۇتەر، تەيىنىڭ قوڭغە تەپىپ
قوغلەپ چىقارۇرمىز» — دەپ قۇل يەتىپ قالدى.
قۇلنىڭ تالڭ ئاتغۇنچە ئۇيقۇسى كەلمەدى، ئەرتەگەن
قوپۇپ قۇرغۇينى قولىغە قوندۇرۇپ چىقىپ بىرقۇشلاپ،
ئىكى قۇشلاپ بىر توقۇز قۇشلاپ ئېدى، قۇرغۇي چەھار
باغ-چىنار باغقە تۇشۇپ كەتتى. قارا باتۇرقۇل ئەيتتىكى،
بىر سۆز تاشلاپ باقاي نېمە جۇۋاپ بېرەدۇر دەپ بۇ-
سۆزنى تاشلەدى.

قۇرغۇي سالدىم قارچىغە،
ئالدى تۇشتى باغچىغە.
قۇرغۇيىغنا يوقالدى،
سوراغ بولسۇن باغچىغە.

دەپ ئەردى تەيى پادىشاھ بۇسۆزنى تاشلەدى:

قۇرغۇي سالسەڭ بولمەسمۇ،
قۇرغۇي جەبجىق ئالمەسمۇ،
بۇرنا سۆيگەن زوھرامنى
يەنە سۆيسەم بولمەسمۇ.

دەپ تەيى پادىشاھ زوھرە خەنىكامنىڭ بوينىدىن
تۇتۇپ لالىدەك لەبىدىن بىر توقۇز نەشبە ئۆزدىلەر. مۇنى
كۆرۈپ بۇ بەدرەڭ قۇل مېدەسىگە مۇشلاپ داغى ھەس-
رەتتە قالدىلەر، پادىشاھ قاشىغە دات خاھلىقغە يۈگۈردى.
«داد پادىشاھىم ھەرياد»، — دەپ قىچقىردى. «ئوتۇزھ
كۈن روزەنى مەن تۇتسەم ئەيدنى تەيى بىلەن زوھرام قى-
لۇرمۇ؟، — دېدى. پادىشاھ ئەيدى، «ئەي بەدرەك،
بىرگىنە قىزىم بولسە مۇشتچە جانىدە مۇنداغ بەدنامىلەرى
قىلۇرمۇسەن؟، — دېدى. قارا باتۇر قۇل ئەيدىكىم
«ئەي پادىشاھىم، ئۇشبۇ سۆزۈم يالغەن بولسە باشىم قى-
لىچغە لايىق» —، دەپ تۇردى. پادىشاھ ئەيدىكىم
:«ئەي بەگلەر تەيىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭلەر» دەپ جەل-
لادلەرنى قىچقىرىپ ئەردى، توقۇز جەللاد قىلىچلەرنى
يالاڭلاپ چىرىپ تۇردى. ئاڭاغىچە، زوھرە خەنىكامنىڭ
جان جىگەرىگە يەتتى ئوت تۇتاشىپ قاشىغە چىردى. پادد-
شاھنىڭ ئوردەسىدە بىر تۈپ تېرەكى بارئەردى، ئۇشبۇ
تېرەكگە قاراپ تۇرۇپ بۇ سۆزنى تاشلەدى.

بۇ تېرەك ئۇزۇن تېرەك،
تۈبىدىن كەسمەك كېرەك.
تۈبىدىن كېسىپ ئالىپ،
ساندۇق چاپتۇرماق كېرەك.

دەپ ئەردى. پادىشاھ ئەيدىكى، «ئەي جەللادلەر،
توختاغىل» دەپ ئەردى، جەللادلەر چىقىپ كەتتى. خەر-
رادلەرغە كىشى بۇيۇردى. خەررادلەر كېلىپ تېرەكنى
كېسىپ ساندۇق چاپغالى تۇردى. زوھرا خەنىكام ئەيدد-
كى: «ئەي خەررادلەر، ساندۇق ئانداغ ھەم بولسۇنكى

www.uyghurkitap.com


سۇ قويسە ئۆتمەسۇن، تۇقۇز ھۇجرەلىغ بولسۇن، تەھارەت خانەسى بۆلەك بولسۇن» — دەپ، تۇرلۇك-تۇرلۇك جەۋاھىرلەرنى ئالىپ چىقىپ بېرۇر ئەردى. ئاندىن قارا باتۇر قۇل ئەيدىكى: «ئەي خەرارلەر، سىزلەرگە پادىشاھىم يارلىغ قىلدى، ھەرئۆيگە ئۈچدىن تاختە سەلىڭلەر، ئاراسىدىن سۇ فەرۋاۋان ئۆتۈپ كەتسۇن، تەيەنىڭ ملىك جەنى بولسە بىرى قۇتۇلمەسۇن دەپ يارلىغ بولدى»، دەر ئەردى. خەررادلەر ئەيتتىكى: «ئەي بەدرەك ساتىلمە قۇل، كۆندە چىقىپ يالغان ھۆكم يەتكۈرۇرسەن، ھېلى چوت بىرلە بىر ئۇرەرمەن، ئىككە ھاجەت قالماس، پارە-پارە بولۇرسەن، جەنىڭ كۆتۈگدىن چىقىپ كېتەر. بىرگىنە قىزى بار، ھەرنېمە قىلسە قىلۇرلەر، سەنىڭ نېمە ئىشىڭ بار، ئۆت نەرى» دەپ ساندۇقنى ھەم ئەينە مەزەللىك قىلىپ تېيىەر قىلدىلەر. زوھرە خەنەكام ئەدەمگە لازىم بولەدۇرغان نەرسەلەردىن ئەلىپ چىرىپ ساندۇقنىڭ ئىچىنى پادىشاھنىڭ ئۆيىدەك ياساپ-جابدۇپ، تەيى پادىشاھ بىلەن زوھرە خەنىكام ئۇچكۈن مۇگداشتىلەر. تەيى پادىشاھ ئەيتتىكى: «ئەي زوھرە خەنىكام، ئېمدى كىشى ئاغزىغە تۇشەرمىز» دەپ ئەردى، ئانداغ بولسە دادامغە مەلۇم قىلاي دەپ بۇسۆزنى تاشلەدى.

ئەي مەنىڭ ئالىم دادام،
تاش يۈرەك زالىم دادام.
ساندۇق ئېمدى راست بولدى،
ھۆكۈمىڭىز نېچۈك دادام.

دەپ ئېردى، پادىشاھ يارلىغ قىلدى «مەگە تەبە شەھەردە كىشى قالماسۇن، يىغىلىپ كەلسۇن»، دەپ ھۆكم قىلدى. سەكىز ملىك كىشى جەم بولدى. ئەلقىسسە، تەيى پادىشاھنى ساندۇققە سەلىپ دەرياغە تاشلادىلەر. ئۈچ كۈنغىچە زوھرە خەنىكامنىڭ گەلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەدى، نالە ۋە زارى بىلە ئېشكى خۇن ئاشامنى بۇلاقدەك كۆزلەرىدىن يۈنجى مارجان ياڭلىغ ياشلەرىنى تۆكۈپ تۈننى كۈنگە ئۇلاپ يىغلەدىلەر. دىلئارام دەپ بىر دىدەكى بار ئەردى. ئاگا ئەيدى: «ئەي دىلئارام، سەن بەرىپ تەيى پادىشاھنى دەرياغا تاشلاغان يەردىن بىر تەھارەت ئالغىنچە سۇ ئەلىپ كەلگىل» — ، دىدى. بۇ دىدەك دەريانىڭ بويىغا بارغۇدەك بولسا ئۇل ساندۇق بىر يەردە چۆرلۈپ تۇرادۇر. دىلئارام دىدەك ئۇل ساندۇقغا باقىپ تاماشا قىلىپ خېلى ھايال بولۇپ كەلدى. زوھرە خەنىكام ئەيدى: «بەدبەخت نېمە ھايال بولدۇڭ» دەپ ئەردى، دىلئارام ئەيدى: «ئەي خەنىكام، تەيى پادىشاھىمنى تاشلاغان يەردە بىر ساندۇق چۆرلۈپ تۇرادۇر، شوگە قاپلاپ تۇرۇپ ھايال بولدۇم»، — دىدى. زوھرە خەنىكام باشىدىن ئاياغ كىگەن لىباس قىممەت باھانى ئۇل دىدەككە سەلىپ بېرىپ، ئۆزى دەريا ياقاسىغە بەرىپ تەيى پادىشاھنىڭ ساندۇقنى يىراقدىن كۆرۈپ بۇ سۆزنى تاشلەدىلەر.

كېزەلمۇ كېزەلى،
باغچىلەرنى كېزەلى.
باغچىلەرغۇ سۇ تۇتسالار،
ئۆردەك بولۇپ ئۈزەلى.

دەپ ئەردى، تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

سەن مەنى ئۇنۇتتۇگمۇ؟
كۆز ياشىن قۇرۇتتۇگمۇ؟
ئۈچ كۈن بولدى ئەي يارىم،
ئاندە يارى تۇتتۇگمۇ؟

دەپ ئىدى، زوھرە خەنىكام بۇسۆزنى تاشلەدى:

مەنمۇ سىنى ئۇنۇتسەم،
كۆز يەشمنى قۇرۇتسەم،
خۇدانىڭ قۇلى بولماي،
سەندىن ئۆزگە يار تۇتسەم.

دەپ ئىدى، تەيى پادىشاھ بۇسۆزنى تاشلەدى:

سۇ كېلۇر گۈلدۇر-گۈلدۇر،
سۆيگەنىم قىزىل گۈلدۇر.
ئايرىلغالى ئۈچ كۈندۇر،
چىرايىم سەرىغ گۈلدۇر.

دەپ ئەردى، زوھرە خەنىكام بۇ سۆزنى تاشلەدى:

سۇ كېلۇر لايىن لايىن،
مەن نېچۈك ئايرىلايىن.
سەندىن ئۆزگەنى دېسەم،
خەنجەرگە سانجىلايىن.
ئىزەدىبان قايان باراي،
بارغانىڭ نېچۈك بىلەي،
مەن زەئىفە بىچارەگمز،
پادىشاھىم نېچۈك قىلاي.

دەپ ئەردى، تەيى پادىشاھ بۇسۆزنى تاشلەدى:

بارۇر يەرنىڭ قەرارى يوق،
ياغاچ ئاتنىڭ چىراسى يوق.
يۈرگنى قوشقانى يوق،
تارتسەم تۈرەسى يوق.

دەپ ئەردى، زوھرە خەنىكام بۇسۆزنى تاشلەدى:

تەگدى سالقىن شەمالى،
مەنى سەندىن ئايىردى.
غۇنچە گۈلدىن ئايىرىغان،
نە فەلەك كىپى رەفتارى.

دەپ ئەردى، تەيى پادىشاھ بۇسۆزنى تاشلەدى:

ئايرىلىپ كېتتىم يارىم،
ئەي ھۇسەيىن غەم خارىم،
سىز تەلەپ بىلەن بولۇڭ،
قاۋۇشغايمىز ئىلاھىم.

دەپ ئەردى، زوھرە خەنىكام بۇسۆزنى تاشلەدى:

دەيارغە تاشلەدىلەر،
ئارىقغە باشلەدىلەر.
سەنى ساندۇقغە سەلىپ،
دەرياغە تاشلەدىلەر.

دەپ ئەردى، تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

ساندۇق چاپتۇردۇڭ خىنىم،
ساندۇقغە پاتتى يىنىم.
سۇ تۈبەن بارەدۇرمەن،
سۇ تۈبەن بارەدۇرمەن،
ياخشى قال زوھرە خىنىم.

دەپ ئەردى، ساندۇق چەرخ (چاق) يەڭلىغ چۆرۈلۈپ-چۆرۈلۈپ ئەقىپ كەتتى. زوھرە خەنىكام دەريانىڭ بىر يوقارىسغە، بىر تۆبەنىگە يۈگۈرۈپ ھېچ ئىلاجىنى قىلالمەدى، ئاڭگاغىچە ئوردا قىزلەرى «ئەي خەنىكام، سەبرتاقەت قىلسۇنلەر» دەپ ئەلىپ كەتتى. ئەلقىسسە، نېچەند زەماندىن كىن تەبى پادىشاھ دەريانىڭ توقۇز تەرام دېگەن كېچەكىگە يەتتىلەر، بىر مۇنچە كاراۋەنلەر ئۆتۈپ بارۇر ئەردى. تەيى پادىشاھنىڭ قۇلاقىغە ئۇلاغ ھەيدەگەننىڭ ئاۋازى كەلدى، ھەريەردە ھەم بولسا توقۇز تارەم دېگەن يەرگە يېتىپ دۇرمەن، زوھرامغە دۇئايى سەلام ئەيتەي، دەپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

مەن كەلدىم توقۇز تەرام،
مەندىن زوھرامغە سەلام.
زوھرام ئەلىك ئەلمەسە،
بۇرنا سۆيگەنىم ھارام.

دەپ ئەردى، كارۋانلەر ئەيتتى، كى، ئەي يارانلەر، بۇ ساندۇقتىن بىر ئاۋاز چىقتى، ئىشىتىپ ئالمادۇق دەپ ئەردى، تەيى پادىشاھ يەنە بۇ سۆزنى تاشلەدى:

ھاي بەگلەر كاراۋان بەگلەر،
زوھرامغا سەلام دەڭلەر.
زوھرام ئەلىك ئالمەسە،
سۆيگەنىم ھارام دەڭلەر.

دەپ ئەردى، كاراۋانلەر بۇ سۆزنى پىتىپ ئالدى. دەريانىڭ بىر شاھابچىسى بار ئەردى، رۇمغە بارۇر ئەردى، ساندۇق پىرقىراپ رۇم تەرەفىگە رەۋان بولدى. بۇ كاراۋانلەر چون تالاسىنىڭ شەھرىگە كېلىپ تۈشتىلەر. زوھرە خەنىكامنىڭ دىلئارام دەپ بىر دىدەكى بار ئەردى، ئالتۇن ئاپتابە ئەلىپ سۇغا چىقىپ ئىدى، كارۋانلار كۆردىكى بۇ دىدەك پادىشاھنىڭ ئوردەسىدىن سۇغا چىققان مەلۇم بولەدۇر. «ئەي قىز، مۇندا كېلىڭ، نە يەردىن سۇغا چىقتىڭىز»، دەپ ئەردى. «پادىشاھنىڭ قىزى زوھرە خەنىكامنىڭ قاشىدىن سۇغا چىقتىڭىز»، دەپ ئەردى. «پادىشاھنىڭ قىزى زوھرە خەنىكامنىڭ قاشىدىن سۇغا چىقتىم» دەپ ئەردى. «ئانداغ بولسە ئابتابانىڭ يەۋرىغەسىغە تىقىپ قويىدى. ئاندىن دىلئارام سۇنى ئەلىپ چىرىپ كەتتى. زوھرە خەنىكام ئەيدى: «ئەي بەدبەخت، نېمە ھايال بولدۇڭ»، دەپ ئەردى. «ئەي خەنىكام، بىر مۇنچە كارۋان كېلىپ ئىكەن، تەيى پادىشاھنىڭ خەبەرىنى ئالۇرمەنمىكى دەپ ھەيال بولدۇم» دىدى. «ھېچ خەبەرىنى ئالدىڭمۇ» — دىدى. «خەبەرىنى ئالالمادىم»، دىدى. «سۇنى ئەلىپ كېل، قولۇمغا قۇيۇپ بىرگىل» دىدى. ئۇقۇپ باقغۇدەك بولسە، تەيى پادىشاھنىڭ دۇئايى سەلامى چىقتى. ئاھ جانىم، ئاھ يارىم دىيىپ زوھرە خەنىكام بىھۇش بولۇپ خېلى زەماندىن كىن ھۇشغە كەلدى. «بۇ خەتنى نە يەردىن ئالدىڭ»، دەپ ئەردى، «بىر مۇنچە كارۋان كېلىپ دەريا ياقاسىغە تۈشۈپ ئىكەن، ئاپتاۋادە سۇ ئىچىپ ئالاي دىيىپ ئەلىپ سۇ ئىچىپ ئىدى، يەنە ھېچ ئىشدىن خەبەرىم يوق»، دىدى. زوھرە خەنىكام ئاق پېرىجى بۆركەنىپ ئوردا قىزلەرىنى كېيىنىگە سەلىپ كارۋان سەرايىغە بەرىپ، «ئەي كاراۋانلەر، بۇ خەتنى نە يېرىدىن ئالدىڭلەر»، دەپ ئېردى، كاراۋانلەر

ئـەيتتىكى، «بىزلەر توققۇز تـەرامدىن ئۆتـۈپ كېلۇر ئەردۇق، دەرىيادە بىر ساندۇق ئەقىپ كېلۇر ئىكەن، بۇ ئاۋاز شول ساندۇقتىن چىقتى، يىتىپ ئـەلىپ ئېدۇق»، دېدى. زوھرەخەنىكام ئـەيدى: «ئـەي كاراۋانلەر، پات يەقىن يانامىسزلەر»، دېدى. سودىگەرلەر ئـەيدىلەركى «سودەمىزنى قىلىپ بولسەق پات يەقىن يانارمىز»، دېدى. تاڭلاسى زوھرە خەنىكام بازارلەردە يارلىغى بۇ كاراۋانلەر سوداسىنى قىلىپ بولماغونچە ئۆزگە سودىگەرلەر مال ساتسە باشى ئۆلۈمگە، پۇلى تالانىغا كېتەدۇر، دەپ يارلىغ بولدى دەپ چىرلاتتى. بۇ كارۋانلەر ئانداغ سودا قىلغىلى تۇردىكىم، بىر باھانى ئون باھاغا، ئون باھانى يۈز باھاغا ساتتىلەر. چون تالاسىنىڭ شەھەرىنى تالاپ ئالغاندەك قىلدىلەر. زوھرە خەنىكام كىشى چىقاردى. «ئېمدى يانار ۋاقتىڭلەر بولدىمۇ»، دەپ ئەردى، تەمام كاراۋان ئـەيتتىكى «نەھايىتى ئىلتىفاتلەرىدىن سودەمىز قۇشاد بولدى، مۇرادىمىز ھاسىل بولدى، ئەمدى يانارمىز»، دېدى. بىر پاتمان توقاچ، ئـەللىگ قوي زىيافەت قىلدى. شابىھرام دەپ بىرقۇلى بار ئەردى، شۇنى قوشاپ «شول ساندۇقنىڭ خەبەرىنى ئـەلىپ بېرىڭلار»، دېدى. كاراۋانلار «خۇش بولدۇ» دېدى. شابىھرامنى ئالتۇنغە چۇمۇرگەندەك سىرۋەپاي بەردى. توققۇز تۈگەدە لال- جەۋاھىر يۈكلەپ شابىھرامنى كاراۋەنلەرغە قوشاپ بەردى. ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بارغاندە كاراۋانلەرنىڭ بەزىلەرى ئـەيتتىكى، «ئـول ساندۇق نـە يـەردە لايـغە پـەتىپ قالدى»، دەپ شابىھرامنى ئىگىن ئاياغىنى سالدۇرۇپ ئەلىپ ئات، ئۇلاغ پۇل مالىنى بۆلەك ئالىپ تۆگە يۈتەلەگەلى سالدى. ئـول كاراۋانلەرنىڭ بىر چوڭى بار ئـەردى. ئـەيتتىكى، «ئەي كاراۋانلەر، سىزلەرگە زوھرە خەنىكام بىسيا ئىلتىفاتلەرنى قىلدىلەر، يېنە بارساق يۈز- يۈزىگە تۈشمەي قالماسمىز، يېنە بۇ شەھەرگەمۇ كېلۇرمىز، دېپ مۇنداغ قىلغانىڭلار ئوبدان ئېمەس، مۇنداغ قىلماڭلەر»، —— دەپ كېلۇر ئەردى. بۇ سۆز مۇندا تۇرغاچ تۇرسۇن، ئـەلقىسسە بۇ ساندۇق نېچەند زەماندىن كىن رۇمغە باردى. پادىشاھى رۇمنىڭ ئۈچ قىزى بار ئەردى، ئۇلۇغىنىڭ ئەتى مېلىكە ھۇرۋەس، ئوترانجىسىنىڭ ئەتى مېلىكە لېيلۋېش، كىچىكىنىڭ ئەتى مېلىكە سۇلتان بىبىچە ئـەردى. بۇ قىزلەر كۈندە دەريا ياقاسىغە چىقىپ سۇغە تۈشۈپ سەچىنى تاراپ ئويناپ كېلۇر ئەردى، ئول كۈن ھاۋا بىنەھايىتى ئىسسىغ بولدى. قىزلەر يېنە سۇغا تۈشگەلى دەريا ياقەسىغە چىقىپ ئەردى، دەرىيانىڭ سۇيى دۇبالغۇدى، نەھەلىڭ كېلدىېمكىن دەپ تۇرۇپ ئەيدىلەر، بىر غىنە ساندۇق پىرقىراپ ئەقىپ كېلەدۇر. مېلىكە ھۇرۋەس ئەيدىكىم، «بۇ ساندۇقنى تۇتۇۋالغىن كىشىنىڭ پۇلى بالاسىدىن بالاسىغە تۆگەمەس»، دېدى. مېلىكە لەيلۋېش دېدىكىم «رۇمنىڭ بىر يىللىق خەراجى باردۇر»، دېدى. سۇلتان بىبىچە دېدى، «ئـەنى دېرسىڭىزلەر مۇنى دېرسىڭىزلەر، بۇنىڭ ئىچىدە بىركۆڭۈل خوشى باردۇر»، دېدى. بۇقىزلارنىڭ قىرىق بىر غۇلاچدىن زۇلفى بارئەردى. ئۇلۇغى ئەيدىكى، «ئەۋۋەل مەن زۇلفۇمنى سەلىپ باقاي، بەخت يارىم بولسا چىقار»، دېدى. قىرىق بىرغۇلاچ زۇلفۇسنى ھالقە كەمەند قىلىپ تاشلەدى، يەتمەدى. ئوترانجىسى ئـەيدىكىم» «ئـەمدى مەن تاشلاپ باقاي»، دەپ سەچىنى ھالقە قىلىپ تاشلەدى، ئاڭا ھەم ئالىنمەدى. ئاندىن سۇلتان بىبىچە ئـەيدىكىم، «مەنمۇ ھەم سەچىمنى كەمەند قىلىپ تاشلاپ باقاي، ئىگەچىلەرىم تۇتالماغاننى مەن ئەسلا تۇتالماسمەن، ھەرنەچۇكدۇر، قاتاردىن قالغونچە خەتادىن قال دېپدۇر»، دەپ قىرىق بىر غۇلاچ زۇلفىنى ھالقە كەمەند قىلىپ تاشلەدى. ئول ساندۇقنىڭ بىرغىنە كەركى تەگكەن يېرى بار ئەردى، شول يېرىگە يۇرگەشىپ قالدى. ئاھىستى گىنە تارتىۋالدى. بۇ ئۈچ قىز يۈگۈرۈشۈپ شەھەرگە چىرىپ ئاتا- ئاناسى قاشىغە باردى، ھەرقايسى قىزلارى «داداكا، يۈگۈ- يۈگۈ مەڭە بېرىلىڭ» دەيدۇر. ئاتا- ئاناسى ئـەيدىلەر: «ئەي بالالەرىم نېمەنى دېرسىزلەر؟ نېمە بېرەدۇرمەن» دەپ ئەردى. قىزلەر ئەيدى، «ئەي داداكا، دەريا ياقاسىغە ئويناغالى چىقىپ ئەردۈك، بىر ساندۇق دەريادە ئەقىپ كېلۇر ئىكەن، قايسىمىز تۇتۇپ ئالسەق ئۆزىمىزگە بولسۇن دەپ ئـەردۇق، مـەن تۇتـۇپ ئـالدىم» دەپ ئەردى. ئـاتا- ئـاناسى ئـەيدىكى، «ئـەي بالاكام، سىزگە بەردىم، كىشى پۇل مالنى ساندۇقغە سەلىپ سۇغە تاشلاپ ئـاتمەس، ھـەرنەرسە بـولسە سىزگـە»، دېدى. پادىشاھ يارلىق قىلدىكى، «ماڭا تابە كىشى قالمەسۇن، دەريا لەبىگە تاماشا قىلغالى چىقەدۇرمەن» دەپ. ئـالىم، مۇفتى، قازى، ئىشقول دىۋان بېگى، مىلىڭ بېگى، تۈمەن بېگى، ئۇستا توختامەت موللا، قوشقامەت موللا، قاۋامەتغىچە جەم بولۇپ پادىشاھ باشلىغىن دەريا ياقەسىغە چىقتىلەر. ئـول ساندۇقنى رۇم شـەھرىنىڭ دەرۋازەسىغە ئـەلىپ

كەلدىلەر. بۇدەرۋازەگە ساندۇق پەتىشى ئىلاجى يوق، ئويان-بۇيان باقتى، ھېچ يېردە ئىشىكى يوق، خەقلەر پالتۇ، كەركى ئەلىپ كەلدىلەر، ئىچىدە ھەرنېمەسە بولسە ئەچىپ كۆرەلى دېپ ئەردى. سۇلتان بىبىچە بۇ ساندۇقغە بىر سۆزتاشلاپ باقاي دەپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

ئۆۋرۈلۈپ كېلگەن ساندۇق،
چۆرۈلۈپ كېلگەن ساندۇق.
ئىچىڭدە نە جان بار سەن؟
بىر ئاۋاز قىلغىل ساندۇق.

دەپ ئىدى، تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

تەپسەڭ ساندۇق ئاچىلۇر،
گۈل باشىمغە سانجىلۇر.
رېجىمدە مەنىڭ كۆڭلۈم،
يارنى كۆرسەم ئاچىلۇر.

دەپ ئەردى. سۇلتان بىبىچە ساندۇقغە بىر پىشۋا ئۇردى، ئىشىك ئەچىلدى، باقغۇدەك بولسە ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر يىگىت ئولتۇرۇپدۇر، چىرايى سەرىغ ساماندەك، سەچى (دالۇ) دولەسىغە تۇشۇپدۇر، چىراغ ياندۇرۇپدۇر، ئالدىدا كىتاب قويۇپدۇر. مۇنى خەقلەر كۆرۈپ يەتتى باغلىغ يال مۇگۈز قەرى خىيال قىلىپ، ھېچ ئەدەم يەقىن بارمەدى. پادىشاھ يارلىغ قىلدى: «ھەر كىشى چىرىپ ئەلىپ چىقسە ئاگە بىر خەزىنە ئىنئام قىلەمەن»، دېدى. پادىشاھنىڭ بىر قەرى قۇلى بار ئەردى، ئەيدىكى «ئەي پادىشاھىم، پەقىر قۇلۇڭ يىگۈلۈكنى يېدىم، كىيگۈلۈكنى كىيدىم، مەنى يەپ كەتسە كەتسۇن، پۇلۇم بالا-بارقەمغە قالۇر»، — دەپ چىرگۈدەك بولسە، بىر ئەدەم ئولتۇرۇبدۇر. ئىمر ئىكەننى يا مەزلۇم ئىكەننى بىلمەدى. بۇ قۇلنى كۆرۈپ ئۆز ھالىغە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

چىرايىم سەرىغ سامان،
زوھرامنىڭ ئوتى يەمان.
ئۆلۈم خۇدانىڭ قاسدى،
تىرىك ئايرىلغان يامان.
مەن زوھرامدىن ئايرىلغاچ،
بولدۇم بىسىر ۋە سىھان.
قاۋۇشقايمەن زوھرامغە
يا رەھىم يا رەھمان.

دەپ ساندۇقتىن چىقىپ پادىشاھغە تەزىم قىلدى. تەيى پادىشاھنى ئەلىپ چىرىپ ئوردەغە تۇشۇردىلەر.

شوربا بەردى، سىگمەدى، ئۈچ كۈنغىچە كىپەك سىقىپ بېردىلەر. ئۈچ كۈندىن كېن تائام بەردى، سىگدى. سەچىنى تۇشۇرتۇپ سىرايىغە بۇيۇرادى، غۇسل تەھارەت قىلىپ كەلدى. پادىشاھانە سىرۇەپاي بېردىلەر، ئەۋۋەلقىدېك تەيى پادىشاھ بولدى. رۇمنىڭ پادىشاھى يارلىق قىلدىكى «مەن قىزىم بېرەي» دەپ ۋەدە قىلىپ ئىدىم، «يۇرت خەقى يىغىلسۇن، توي مەسلەھەت قىلالى» دەپ ئېدى. ئاندىن كېن بىر موما بار ئەردى، ئەيتتىكى: «ئەي پادىشاھىم سىنامىغان كىشىگە قىز بېرىپ بولماس»، دېدى. پادىشاھ ئەيتتىكى: «ئەي موما، قايداغ سىنارمىز»، دېدى. موما ئەيتتىكى «ئۆيىنىڭ بىر تەرەفىگە ئاش-نان بىر، بىر تەرەفىگە ياراغ-جابدۇغ قويىدۇرسەلەر، ئەي ئوغلۇم پالان ئۆيگە چىرىپ چىقىڭ دېسەلەر پادىشاھزادە بولسە، ياراغ-جابدۇغ ئەلىپ چىقار، ئىگەر ئاچ ئۆرۇق بولسە ئاش-نان ئەلىپ چىقار، شۇنىڭدىن سىنارمىز»، — دېدى. پادىشاھ موما دېگەندەك قىلدى. تەيى پادىشاھ كىرگۈنچە چىرىپ ئاش نانغە قارامايى ياراغ-جابدۇغقە كۆز سەلىپ پادىشاھنىڭ بىر قىلىچى بار ئەردى، جاندەرغە تەگىلەسە قىرىق قارى يېردىن ئۆزى ساچرەپ كېلىپ قىلىچغە تېگىپ ئىكى پارە بولۇر ئەردى، شول قىلىچنى ئالدى، بىر مىلتىق بار ئەردى، قاراچغۇ كىچەدە قارا پالەسدەكى چۇمۇلەنىڭ كۆزىنى چاغلەر ئەردى، ئەنى ئالدى. پادىشاھزادە ئىكەن، ئەمدى قىز بېرەي دەپ ئېدى، ئەي پادىشاھىم يېنە بىر سىنامايى بولماس، دېدى. يېنە قايداغ سىنارمىز دېدى. ئۆزلەرىنىڭ مىنەدۇرغان توپچاق ئىراقدۇر، پادىشاھزادە بولسە شونى ئەلىپ چىقار، ئىگەر قاراچوق بولسە بۇيانقى ئارلەردىن ئەلىپ چىقار، شوندىن سىنارمىز، دېدى. پادىشاھ ئەيدى: ئەي ئوغلۇم ئاقتەخانەلەردە ئەتلەر باردۇر، چىرىپ ئىلغاپ چىقىڭ، دېدى. ئىلغاپ توپچاق ئىراقنى ئەلىپ چىقتى. پادىشاھزادە ئىكەن قىز بېرەلى دەپ ئىدى، «ئەي پادىشاھىم، ئادەم ئوغلىنى ئۈچ نۆبەت سىنايدۇرغان يېنە بىر سىنامايى بولماس»، دەپ ئەردى. پادىشاھ ئەيدىلەركى «يېنە قايداغ سىنارمىز»، — دېدى. موما ئەيدى: «ئۆزلەرىنىڭ قۇشلايدۇرغان قۇش شۇڭقاردۇر، ئەنى ئەلىپ چىقسا پادىشاھزادەلىقنى شۇندىن بىلەلى» —، دېدى. پادىشاھ ئەيدى كى: «ئەي ئوغلۇم، قۇشلەردىن قۇش ئىلغاپ چىقىپ» —، دېدى. تەبى پادىشاھ شۇڭقارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلىپ چىقتى. ئىمدى توي قىلەلى دەپ شەھەرنىڭ ئىچىدە بىر بۆلەك ئوردە تەيىن قىلدىلەر، ئاندىن پادىشاھ توي بۇنياد ئېيلەپ قايىدە-ياسۇن بىلە ئۇقدىپ، نىكاھ قىلدىلەر. ئاندىن توي تۈشۈرۈپ تامام خلايىق باندىلەر. بۇ قىزنىڭ ئىنەگەسى قالىپ ئەردى. تەيى پادىشاھ ئەيدىكى: «ئەي ئىنەگەلەر، سىلەر يانمايسىلەرمۇ؟» — دېدى. «بىزنى شۇندا ئولتۇرۇڭلەر»، دەپ ئىدى يانمايدۇرمىز» —، دېدى. تەيى پادىشاھ ئەيدى: «مەن ئالسەم پادىشاھنىڭ بىر قىزىنى ئالدىم، سىلەرنى قوشاپ ئالدىممۇ؟» —، دەپ ئىنەگەلەرنى چىقاردى. توقۇز قات تۈشەك سالدى، ئوترەسىغە بىر قازۇق قەقىپ، قازۇقنى يەرىپ ئوترەسىغە قىلىچنى چىرگۈزۈپ قويدى، بىر تەرەفىدە سۇلتان بىبىچە ياتتى، بىر تەرەفىدە تەيى پادىشاھ ياتتى. «سەن مىدىرەساڭ سەنى كېسەر، مەن مىدىرەسەم مەنى كېسەر» —، دەپ ياتەدۇر. سۇلتان بىبىچەنىڭ چىرايى زافىراندەك سارىغ بولدى. غەم ئىندۈكتىن ئەھۋالى تولۇڭ بولدى. بىر كۈن ئىنەگەلەرى سوردى، «ئەي خىناكام ئۆزلەرىگە نىمە بولدى، بىر يېرلەرى ئاغرىقمۇ؟» —، دېدى. سۇلتان بىبىچە ئەيدىلەر: «ئەي ئىنەگەلەر، توي بولغان كىچە تەيى پادىشاھ سىزلەرنى چىقارىپ ئەتىپ توقۇز قات تۈشەك سەلىپ، ئوترەسىغە بىر قازۇقنى قەقىپ، ئول قازۇقنى يەرىپ ئوترەسىغە قىلىچنى چىرگۈزۈپ قويۇپ، سەن مىدىرەساڭ سەنى كېسەر، مەن مىدەرەسەم مەنى كېسەر دەپ ياتەدۇر. ۋاخشەددىن تالڭ ئاتغۇنچە كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كېلمەيدۇر» — ، دېدى. ئىنگەلەر چىرىپ ۋەقەنى ئاناسىغە ئايىتتى، ئاناسى دادەسىغە ئەيىتتى. «نە يېردە لايىغە يەتىپ قالغان گەدايغە قىز بېرىپ ۋاقە مۇنداق ئەرمىش» دەپ ئىدى. پادىشاھ ئەيىتتىكى: «ئات مىنىپ قۇش قۇشلاپ كۆنگەن ئوغۇلدۇر. بىكار سۆزلەمە» — ، دېدى. «كۆڭلى ئۆلۈپ قالغاندۇر، مەن ئاۋغە ئەلىپ چىقىپ كۆڭلىنى ئاچارمەن»، دەپ قىرىق كۈنلۈك ئاۋغە چىللاتتى. قىرىق كۈن شكار قىلىپ شكارنىڭ ھېچ بېرارى بولمەدى، ئاندىن ياندىلەر. بىللە چىققان بەگلەر ئەيدىكىم: «پادىشاھىمىز بىلەن چىقساق سىيىرغە تويۇپ قالۇر ئىدۇك، نە بېردەكى لايىقدە قالغان گەداي بىللى چىقىپ ھېچ ئاۋنىڭ بېراي بولمەدى» —، دېيىشتىلەر. تەيى پادىشاھى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئوردەسىغە كېلىپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

ئۆز يۇرتۇدا كۈچۈكۈڭ ھەم غاز ئالۇر ھەم ئۆردەك،
كىشى يۇرتىدە بوز لاچىن نە غاز ئالمەس نە ئۆردەك.

دەپ لاچىننى لاسدىك تاشلاپ ئاتتى. باياقى بەگلەر تۇرۇپ ئەيىتتىكى، ۋادەرىخ ئى ئەۋلىيا ئوغلى ئىكەن، بىزلەرنى پادىشاھغە چاقىپ قويارمىكىن دېپ بىرىسى دەرۋازەدە قالدى، بىرى چەھار سۇدە قالدى. تەيى پادىشاھ ئۆيىگە چىرىپ كەتتى. ئاڭگاغىچە پادىشاھ يارلىق قىلدىكىم، «بەگلەر چىرسۇن» دەپ. بەگلەر چىردى. پادىشاھ «شكارىڭلەر ئوبدان بولدىمۇ؟» دەپ ئىدى، بەگلەر ئەيىتتىكى «ھېچ شكار بولمەدى، تەيى پادىشاھ ئاسلا سۆزلەمەدى، ئوق ھەم ئاتمەدى، ئالدىمىزدە يانغەننى سورارسىزلەر». پادىشاھ ئەيدىلەركى: «ئىگەر توقۇملەرنى جابدۇغەلى سارەچلەرغە كىشى ئىبەردىم» دەپ توختاتىپ يېتى كىچە-كۈندۈز مېجلىس قىلىپ بېردى، ئاخىرقى كۈنى ئۇلۇغ ئاش قىلىپ تارتىپ تۇرەر ئەردى، يىلمايە تۆگۈلەر كېلدى مۇ دەپ كىشى بۇيۇردى. تەيى پادىشاھ ئول مېجلىستە بۇ سۆزنى تاشلەدى:

سۇ كېلۇر تاش ئۈستىدە،
قوشۇرمام قاش ئۈستىدە.
مەن زوھرامنى يادلانسەم،
يىغلەرمەن ئاش ئۈستىدە.

دەپ مېجلىستىن فارىغ بولۇپ تەيى پادىشاھ ئۆز يۇرتىغە يانار بولدى. پادىشاھ ئۈچ يۈز بەگلەرنى قوشۇپ بېردىلەر، «تەيى پادىشاھ نە يېردىن رۇخسەت بېرسە، شوندىن يانىڭلەر»، دەپ ئىدى. بىتەمام رۇم خەقى شەھەردىن بىر فەرسەڭ يېرىگە بەرىپ خوپلاشتىلەر. سۇلتان خەنىكام تەيى پادىشاھنىڭ ئىتەكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ سۆزنى تاشلەدىلەر:

بۇ تېرەك ئۇزۇن تېرەك،
تۈبىدىن كېسەك كېرەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
كۆكنە ياردىن كېچەك كېرەك.

دەپ ئەيدى، تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

ئەزىز جاندىن كېچەرمەن،
مەن زوھرامدىن كېچمەسمەن.
خۇدادىن بۇيرۇغ بولسە،
يۇرتغە بەرىپ كۆرەرمەن.

دەپ ئەردى، سۇلتان خەنىكام بۇ سۆزنى تاشلەدى:

مەن ئاشىق ئىدىم سىزگە،
بىر باقمەدىڭىز بىزگە.
بىر باقمەسىڭىز باقمالى،
دېبەلىم بولۇر سىزگە.

دەپ ئېيدى. تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

بىر نېچە مەھەللىل ئەردى،
بولدۇڭ كېت- خۇداچىلىق.
يۇرتۇمغە بارۇر بولدۇم،
ئاخىر بۇ جۇداچىلىق.

دەپ ئەردى، سۇلتان بىبىچە بۇ سۆزنى تاشلەدى:

تاڭلا قىيامەت بولسۇن،
خۇدايىم قازى بولسۇن.
ياقاڭىزدە پادىشاھىم،
تۆمۈر تىرناقىم بولسۇن.

دەپ ئەردى، تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

قۇرۇغ بار ۋە قۇرۇغ بار،
يۇلقىلەردە توروغ بار.
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىل،
قىيامەتدە سوراغ بار.

دەپ ئەردى، سۇلتان بىبىچە بۇ سۆزنى تاشلەدى:

سەن بارساڭ مەنمۇ باراي،
بەرىپ يولۇڭدا قالاي.
ئالتۇن ئاپتاۋا ئەلىپ،
مېلىكەڭگە سۇ قۇياي.

دەپ ئېيدى، تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

مەن بارسەم سەن بارمەسسەن،
بارسەڭ يولدە قالماسسەن.
سەن مەنىڭ مەلىكەمگە،
سۇ قۇيۇپ بېرەلمەسسەن.

دېدى. تەيى پادىشاھ يېنە بۇ سۆزنى تاشلەدى:

مەن بۇ يېرلىك ئېرمەسمەن،
يېر سۇيۇمنى بىلمەسمەن.
يېر سۇيۇمنى بىلگەندە،
بەغلەسەڭمۇ تۇرمەسمەن.

دەپ سۇلتان بىبىچەنى ئوردە قىزلەرىغە تۇتتۇرۇپ قويۇپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

بارۇرمەن يولۇم تۇزدۇر،
كىچە مەڭا كۇندۇزدۇر.
قويۇپ بېرىڭ كېتەرمەن،
زوھرام ئاندە يالغۇزدۇر.

ئۇلۇغ بوز ئات كىچىك بوز ئات،
كېلگىل بوگۈنگىنى ئۇزات.
باشىڭدىن يۇگەن ئەلىپ،
ئات قىلاي سىنى ئازاد.

دەپ بىتامام كېلگەن بەگلەرگە رۇخسەت بېرىپ ئۆزى يولغە رەۋان بولدىلەر. تەيى پادىشاھنىڭ قاراسى يېتگۈنچە سۇلتان بىبىچە يىغلاپ ئولتۇردى، ئاندىن كېن ئوردە قىزلەرى ھېزار- ھېزار مشەققەتلەر بىلەن تېپەللى خاتىر بېرىپ، ئالداپ سلاپ ئەلىپ ياندىلەر. ئەلقىسسە، تەيى پادىشاھ بېھرام بىلەنېچەند مەنزىل مېراھ ئەللەرنى تاي قىلىپ، چون تەلاسنىڭ شەھەرىگە يەقىن بىر يايلاغ بار ئەردى شۇبۇ يەرگە تۇشەلى، ناماز پېشىن بىلە يۇك قويالى، توخا بىر چىلاغان مەھەلدە يېتەرسىز دېپ پېشىن بىلە يۇك قويدىلەر. باش توخا بىلە شەھەرگە كېلىپ دەر- ۋازەنى ئاچتۇرۇپ، زوھرە خەنىكامنىڭ ئوردەسىغە توقۇز دەربەندىن ئۆتۈپ چىردىلەر، بېھرام ھەمى بەندلەردىن باشلاپ ئەلىب چىردى. بېھرام ئېيدىكى، «ئەي پادىشاھىم ھېچ ئەدەمنىڭ ئىزى مەلۇم بولمەيدۇر»، دېدى. تەيى پا- دىشاھنىڭ پالاق چاقماقى بار ئەردى، چاقماق چەقىپ ئوت ياندۇرۇپ باقتىلەر، ئوردا قىزلەرىنىڭ ئىزى بار ھې- زانىڭ ئىكىچە يېردە ئىزى ھېچ ئۇن چىقمايدۇ، دەپ ئېيدى. ئەي بېھرام قوپۇڭ، كېتەلى دەپ يېنە ئېيدىكى بىر سۆز تاشلاپ باقاي دەپ بەلەند ئاۋاز بىلە بۇ سۆزنى تاشلەدى:

مەن كېلدىم شوڭدىن شونچە،
خۇدانىڭ فەرمانىچە.
رۇم شەھەرىدىن بىر قىز ئالدىم،
ئاتى سۇلتان بىبىچە.

دەپ ئەردى ھېچ ئۇن چىقمەدى، «قوپۇڭ بېھرام كېتەلى» دەپ يېنە بۇ سۆزنى تاشلەدى.

مەن كەلدىم تاڭ ۋەقتىدە،
زوھرام ياتۇر تەختىدە.
قىچقىرسەم ئۇن بەرمەيدۇر،
قارا باتۇر ياددىدە.

دەپ ئەردى زوھرە خەنىكام راۋاق تۆپەسىدە قاتىغ ئۇيقۇدا ياتار ئەردى. تەيى پادىشاھنىڭ ئۇنى زوھرە خە نىكامنىڭ قۇلاقىغە ئوقدېك تېگدى، ئىشق مۇھەببەت ئوتى جا جىگەرىگە نېشتەردەك تېگدى. زۆھرە خەنىكام قىل مەزەللىك نېچەند قات قات تولغانىپ قوغۇشۇندېك

ئېرىپ سەبر تاقەت قىلالمەدى، بۇ سۆزنى تاشلەدى.

ئۇيقۇلاپ ئەردىم ئويغاندىم،
ئوگدىن سولغە تولغاندىم.
تەيى ئىككەننى بىلمەدىم،
قارا باتۇر قۇل دېدىم.
ئۇيقۇلاپ ئېدىم ئەۋۋەل شەب،
بولغان ئوخشايدۇر نىم-شاب.
قاتىغ ئۇيقۇدا يەتىپ،
پادىشاھىم سىزنى تۇشەپ.

دەپ ئورنىدىن يۈگۈرۈپ قوپتى. ئەيدى: «ئەي قىزلەر ئوتنىياندۇرۇڭلەر، تەيى پادىشاھ كېلدى» دەپ ئۆزى ئالدىغە چىقىپ يىغلاشىپ ھەل ئەھۋال سورەشىپ، ئۆيگە چىرىپ تەختىغە چىقىپ ئولتۇردىلەر. تەيى پادىشاھغە ساقال بۇرۇت چىقىپ قەلىپدۇر، زوھرا خەنىكام تونوماس ئەردى. تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى.

يولغە چىردىم غۇربەتدە،
ھەسرەت ئۇزرە مېھنەتدە.
گىسۇلەرىم خەت تارتى
مېھنەت مېشەققەتدە.

دەپ، يېنە بۇ سۆزنى تاشلەدى.

بازار كۆكى باققالدۇر،
يىگىت كۆكى ساقالدۇر.
ئايرىلغالى ئۈچ يىلدۇر،
بىلمەسسەن نېچۈك ھالدۇر.

دەپ ئەردى، زوھرا خەنىكامنىڭ بۇلاقدەك كۆزلەرىدىن يۈنجى مارجان يەڭلىغ ياشلەرىنى تۆكۈپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

بۇلبۇل ساراپ ئۆتتىمۇ،
باغرى بىر يان كېتتىمۇ.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
بەشىم كۆككە يەتتىمۇ؟

دەپ ئەردى، زوھرا خەنىكام ئۆزىنى پارە-پارە قىلىپ تەيى پادىشاھنىڭ ئاياغىغە ئۆزىنى تاشلادى. شەنبە كۈنى كېلىپ ئېدىلەر، چاھارشەنبە كۈنىغىچە پادىشاھخانە نەغمە نەۋالەر قىلىپ ئويناديلەر. يېنە ۋەزىر قەرى تىرمەچ تىرگەلى چاھارباغ چىنارباغقا چىردى، كۆردىكى تەيى پادىشاھ بىلەن زوھرە خەنىكام مەجلىس قىلىپ ئولتۇرۇپدۇر. ئول موما يۈگۈردى، باردى. قارا باتۇر قۇلغە خەبەر ئەيتتى. «ئەي قۇل، زوھرە بىلەن تەيى پادىشاھ مەجلىس قىلىپ ئولتۇرۇپدۇر»، قۇل ئەيتتىكى: «ئەي موما، تاڭلا قۇرغۇيۇمنى ئەبىپ چىقىپ بىر توقۇر جەبجىق ئالدۇرۇپ كەباب قىلىپ زوھرامغە تۇتارمەن، زوھرام مەڭا ئاياق تۇتار، تەيىنىڭ قوڭىغە تەيىپ قوغلاپ چىقارۇرمىز» دەپ يەتىپ قالدى. قۇلنىڭ تاڭ ئاتغۇنچە ئۇيقۇسى كېلمەدى. ئەرتەسى ئەرتەگەن ئورنىدىن قوپۇپ قۇرغۇينى قولىغە ئەلىپ، بىر قۇشلاپ ئېدى چاھار باغقە تۇشۇپ كېتتى. قۇرغىينى قوغلاپ كېلىپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

قۇرغۇي سالدىم ھارچىغە،
ئالدى تۇشتى باغچىغە.
قۇرغۇي غەنام يوق بولدى،
سوراغ بولسۇن باغچىغە.

دەپ ئەردى، تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

قۇرغۇي سالسەڭ بولمەسمۇ،
قۇرغۇي جەبجىق ئالمەسمۇ.
بۇرنا سۆيگەن زوھرامنى،
يېنە سۆيسەم بولماسمۇ.

دەپ زوھرا خەنىكامنىڭ بويۇنىدىن تۇتۇپ لالىدەك لەبىدىن ئىكى توقۇز نەشبىت ئۇزدى. قارا باتۇر قۇل بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى پارە-پارە قىلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردەسىغە بەرىپ، «داد پادىشاھىم»، دەپ قىچقىردى. «ئوتتۇز كۈن روزەنى مەن تۇتسەم، ئەيدنى (ھەيتنى) تەيى پادىشاھ بىلەن زوھرا خەنىكام قىلەمدۇر»، دېدى. پادىشاھ ئەيدىكى، «دادىرىغ قىزىمنى مۇشت خانىدە مۇنداغ بەدناملەرنى قىلۇرمۇسەن» دەپ، «قىچقىر جەلادلەرنى» دەپ ئەردى، شول زەمەن ئۈچيۈز جەلادلەر ھزىر بولدى. «ئەي جەلادلەر تەيىنى دەستەگەردەن باغلاپ تىر باران قىلىڭلەر» دەپ يارلىق قىلدى. زوھرا خەنىكامنىڭ بىر كۆزى ئالدىدە، بىر كۆزى ئارقاسىدە زار-زار چۈن ئەبرى نەۋ بەھار يىغلاپ كېتىپ بارۇر ئەردى، تەيى پادىشاھ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

بۇ سەنىڭ نەھال ئىشىڭ،
قول سەلىپ ماڭىشىڭ.
چۆلدە قالغان كىكدېك،
گاھى گاھى باقىشىڭ؟
مەن كېلدىم قوياش بىلە،
كۆزۈم تولدى ياش بىلە.
ئىش مەھالدىن ئۆتتى،

يار تەخى كەڭىش بىلە.
ئات مىندىم كۆرۈلۈك قاشقە،
سېكرەتىم تاشدىن تاشقە.
چىرايلىغىنى يار تۇتسە،
ئاخىر چىقار باشقە.

دەپ ئېيدى، زوھرە خېنىكام ئاتاسىنىڭ ئالدىغە بېرىپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

ئاي مېنىڭ ئالىم دادام،
تاش يۈرەك زالىم دادام،
ئۆلتۈرسەڭ مەھبۇبۇمنى،
نېچۈك كېچەر ھالىم دادام.
يۇرتۇڭىز كىمگە قالۇر؟
تەختىڭدە كىم ئولتۇرۇر؟
ئوغۇل قىزىڭ يوقدۇر،
رۇھىڭىز گېدا بولۇر.
خوش خانلىق خوش بەگلىك،
يوق ئىكەن مۇسلمەنلىق.
كۆي ئوغلى ئۆلتۈرۈپ،
كىمگە قالۇر سۇلتانلىق؟

دەپ ئەردى، «چىقىڭ قىزىم تەيىنى سىزگە بېردىم»، دېدى. زوھرا خېنىكام چىقىپ باقىغۇدېك بولسا تەيى پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، تۆرت سانىنى تۆرت دەرۋازەگە ئېسىپ بولۇپدۇر. چون تالاسىنىڭ خەقى بىتەمام يىغلاپ ماتەم تۇتۇپ قارالىق بولۇپدۇر. زوھرا خېنىكام يېتىپ كېلىپ فەريادلەرنى فەلەككە يېتكۈزدى. سۇنبۇلدېك ساچلەرنى يۇلۇپ بىھۇش بولدى. بىر ۋەقتدە ھۇشغە كېلدىلەر، كېلىپ قارا كېفىنىك كېيىپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

ھاي بەگلەر ھاي ھاي بەگلەر،
قۇتۇندە قوينى يېيىڭلەر.
قۇتۇندە قوي تۆگەسە،
تەيى گۆشتىنى يېيىڭلەر.
تەيىنىڭ ئاتاسى يوق،
بېلىدە قۇتەسى يوق.
يىغلاماڭلەر يۇرت خەقى،
دۇنيانىڭ ۋەفاسى يوق.
قارا كېفىنەك سېنىسىز،
قەرارىم يوقدۇر سەنىسىز.
مەنى ئايرىغان بېگلەر،
گورغە بارسۇن ئىمانسىز.
بۇ ھاۋا ھاۋاسدۇر،
قار يامغۇر ياغامدۇر.
قىز ئۇچۈن يىگىت ئۆلمەك،
سەنىڭدە رىۋامدۇر؟

دەپ ئەردى، ئاتاسى پۇشەيمان قىلدى. قارا باغردىنى يېرگە ياقىپ يارلىغ قىلدىكى، «ئۇچ كۈنغىچە مېنىڭ قاشىمغە كىشى چىرمسۇن»، دەپ. «ئىگەر چىرسە زۇرداتنى قۇرۇتەرمەن» دەپ ئەردى، ئالەددەكى بەگلەر قەچىپ كېتتى. پادشاھىم ئېيدىكىم، «ئەي قىزىم كۆڭلۈگىزدە قايداغ خاھىش بولسە شۇنداغ قىلىڭ»، دېدىلەر. قىز ئېيدى: «ئەي دادا، مېنىڭ كۆڭلۈمدەكى قۇش ئاسمانغە پېرۋاز قىلىپ كېتىپدۇر، ئېمدى ئۇچيۈز بەگنى، ئۇچيۈز جەللادنى ئۆلتۈرۈپ شەھەرگە ئوت قويسەمۇ سورمەسۇنلەر» دەپ ئەردى. «سورماي» دېدى. پادشاھنىڭ خەقىنى بىتەمام ئۆلتۈردى، ئاندىن كېن تەيى پادشاھنى يۇپ تاراپ دەفنە قىلدىلەر، باياقى مومانى ئېشەكگە تەتۈر مىندۇرۇپ كوچەما كوچە خېنىكام تەيى پادشاھنىڭ قەبرىسگە پادشاھانە گۇنبەز تېيىر قىلدىلەر، ئانچىنان زىپ زىنەتلەر قىلىپ كەمالغە يېتتى. پەنچ شەنبە بولدى. ئاتاسىنىڭ ساغداقىنى بېشاق ئوقى بىلە بىر يېڭىگە ئالدى بىر يېڭىگە يۇنجى مارجان ئالدى. «ئەي يىگىتلەر، ئەي قىزلەر، يۈرۈڭ تەيى پادشاھنى بېرىپ زىيارەت قىلەلى»، دەپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

كېل قىزلەر يۇگۈرەشەلى،
تەيىغە يېتەشەلى.
تەيىغە يېتىشگەندە،
يۇنجى مارجان ساچاشەلى.

دەپ بىر يېڭىدەكى يۇنجى مارجاننى بىر تەرەفگە سەچىپ ئېتىپ ئېيتىكى: «ئەي قىزلەر، يىگىتلەر، بۇ يۇنجى مارجاننىڭ ھەسابىنى ئۆززۈم بىلۇرمەن، ئويانبۇيان قارلاماي تىرىڭلەر»، دەپ گۇنبەز تەرەفگە رەۋان بولدى. گۇنبەزگە يېتىپ كېلىپ جان جىگەرىدىن ئاھ تارتىپ بۇ سۆزنى تاشلەدى:

تەيى ئاتلىق بارمۇسەن،
تەختىڭدە ياتارمۇسەن.
ھۇجرەڭغە مېھمان كېلدى،
ئالدىغە چىقماسمۇسەن؟

دەپ ئەردى، گۇنبەزنىڭ ئىچىدىن قەبرى يەرىلىپ ئىشقلەر سىنەسىدېك شكەف بولدى. زوھرە خېنىكام ئول

شكەفدىن چىرىپ كېتتى. ئېنىدىك گېنا سەچىنىڭ ئۈچى كۆرۈنۈپ قالدى. يىگىتلەر، قىزلەر يۈنجى مارجانىنى تىرىپ بولۇپ باقسە زوھرە خەنىكام يوق، گۈنبەزگە كېلىپ باقسە زوھرە خەنىكامنىڭ گورغە كىرىپ كېتگەننىنى كۆرۈپ مۇراد مەقسۇدىغە يېتىپدۇر، دەپ كېلىپ پادىشاھغە مەلۇم قىلدى. پادىشاھ دېدىكىم «تەقدىرغە تېدبىبۇر يوق ئىكەن»، دەپ يۇرد خېلقىنى يىغىپ ئاش سۈيىنى بېرىپ ياندۇردى. نېچەنت كۈندىن كېن قارا باتۇر قۇل پادىشاھ بىلەن شىكارغە چىقىپ چەغىر ئىچىپ مەستلالىق شەھەرگە كىرىپ ئەردى، ئاناغىچە زوھرە خانىكام تەيى پادىشاھ بىلە گۈمبەزگە كىرىپ كېتگەننى ئاڭلاپ تەيى ئۈچۈن زوھرام ئۆلگەن بولسە، زوھرام ئۈچۈن مەن ئۆلسەم نە بولغۇسدۇر، دەپ ئۆزىگە خەنجەر سەلىپ ئۆلدى. پادىشاھ يارلىغ قىلدىكى «قارا باتۇر قۇلنىڭ مەندە بىر ھەققى بار ئەردى، تەيى پادىشاھ بىلە زوھرە



نىڭ ئاراسىدە دەفنى قىلىڭلەر، قىيامەت كۈنى ماڭا داۋاگەر بولمەسۇن»، دەپ يارلىغ قىلدى. بۇ ئىككى گۈلنىڭ ئاراسىدە بۇ ناپاك تىكەننى قويدىلەر. بىر موللاي رەممال بار ئەردى، ھەمىشە رەممال باقار ئەردى، بىر كۈنى گۈنبەزنى تاماشا قىلغالى كېلدى، بۇ گۈنبەزنىڭ تەشى مۇنچە چىرايلىق ئىكەن، ئىچى قانچە چىرايلىقدۇر، دەپ چىرىپ كۆردى. ئىككى تۈپ گۈلنىڭ ئارەسىدە بىر تۈپ ئازغان ئۈنۈپدۇر. ئۇل ئىككى گۈل يەقىن كېلسە ئۇل ئازغان ئايرىتەدۇر. ئۇل «ئازغاننى قىرىپ ئاتاي» دەپ ئۇل موللا قارا باتۇر قۇلنى قۇيۇپ ئىكەن دەپ بىلدى. گورنى ئەچىپ ئۇستەخانلەرنى ئەلىپ كۆيدۇرۇپ كۇلنى كۆككە سورۇدى. تەيى پادىشاھ بىلە زوھرە خەنىكامنىڭ بەشىدەقى قىزىل گۈللەر بىر بىرى بىلە يولدەشتى، ئاياغلەرىدەكى ئىككى سۈت بۇلاقلەر ھەم بىر بىرىگە ئىگىشتى، ئەقىپ جارى بولدى. قىيامەتغىچە ئاقار دەپ تۇرلەر، بۇلەر ھەم خۇداغە يېتگەن ئاشىق زاتلەرتۇر، دەپ تورلەر. بۇلەرنىڭ نېچەند ئىشلەرى كىرامەت دېپ تۇرلەر، بۇلەرنىڭ تويلەرى قىيامەت كۈنى بولۇر دېپتۇلەر، بۇ ۋاقىلەرنى مېلىكە سۇلتانىخان ئاڭلاپ زار-زار چۇن ئېبرى نەۋ باھار يىغلاپ جان جىگەرلەرىدىن بۇ بېيتنى ئوقۇپ جان بەھەق تەسلىم قىلدىلەر:

ئىكى ئاشىق چىرماشىپ،  
جان ۋەسلىغە يېتگۈرمەسە.  
ئىشق ئوتىنىڭ دەردىن،  
ھەسرېت ئوتام كېتگۈرمەسە.  
مۇنچە كۆيدۈك پادىشاھىم،  
قىلىج باشىڭدىن كېتمەسە.  
ئاھكى بولدۇم ئىشق ئارا،  
بىر بىۋافەغا مۇپتېلا،  
بولمەسۇن ئەھلە ۋەفا.  
مۇنداق بالاغە مۇپتېلا.

بۇ داستان لون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارخېپخانىسىدا N.FAvd.1Bd26.Nr6 نومۇرى بىلەن ساقلىنىۋاتقان گۇستاف رەكۇئىت G.RAQUTTE ترانسكرىپىيەسنى ئىشلىگەن نۇسخسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

**تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد**




## خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلەر

قولىمىزدىكى بۇ ھەر خىل تېمىدىكى بۇ خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلەر 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەردە يېزىلغان. خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلەر خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان بولۇپ، قەغەزنىڭ فورماتى 27×20 سانتىمېتىر. جەمئىي ئالتە ۋاراق. بۇ ھۆججەتلەرنى دەسلەپتە شۋېتسىيەلىك گۇستاف ئالبىرت قولغا چۈشۈرگەن. كېيىن ئالبىرت بۇ ھۆججەتلەرنى تۇركلوگ گۇننار ياررىڭغا بەرگەن. 1982 ـ يىلى گۇننار ياررىڭ بۇ ھۆججەتلەرنى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا ھەدىيە قىلغان. بۇ ھۆججەتلەر نۆۋەتتە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى «گۇننار ياررىڭ ساقلانمىلىرى»دا 156 ـ نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ.

بۇ جەمئىي 14 پارچە ھەر خىل مەزمۇندىن تەركىب تاپقان ھۆججەت بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئەرزى داشت شەرىئەتكە (شەرىئەتكە ئەرز قىلىندى)
مەھكىمەئى شەرىئەتكە (شەرىئەت مەھكىمىسىگە)
2. شەرىئەتكە يەنە بىر ئەرز
مەھكىمەئى شەرىئەتكە (شەرىئەت مەھكىمىسىگە)
3. يامۇنغە ئەرز (يامۇلغا ئەرز)
ئىلتىفاتلىق ئامبانغا
4. ۋەسىقە، مەديۇنلۇق خەتى (قەرىزدارلىق خېتى)
5. يەنە بىر ۋەسىقە
6. يەنە بىر ۋەسىقە
7. ئىجارە خەتى
8. بىر كىشى تىلىدىن بەرگەن لادە ئۆۋا خەت (دەۋاسىز خەت)
9. ئىجارە خەتى
10. زەمىن خەتى (سەككە)

www.uyghurkitap.com




عرض داشت شریعتگا
محکمهٔ شرعیه‌گا
رواق کولباشی ملّا سیدین توخته نیاز آخون نینک عرض
بشبیریغلیق محمد توخته بای نینک اوغلی توردی آخوندا وثیقه‌لیق
اوتوز چارک بغدای و اوتوز چارک قوناق حقیم بار ایدی حالا
برادورغان وعده سیدین اوچ آی اوتوب دور بهانه قیلیب
برکالی اونومایدور چنکراق توتسام جدل قیلادور مرحمتا محکمهٔ شرعیه‌گا
آلدوروب کلیب شریعت حکمیچه حقیمنی آلدوروب بیریشلاریدین
امید قیلورمن
سنه ۱۳۳۱ ماه شعبان نینک ۲۲

11. رەھن خەتى (گۆرە ۋەسىقەسى)
12. ۋەكالەتنامە
13. كىراكەشنىڭ تىلىدىن خەت (ئەھدىنامە)
14. يەنە بىر زەمىنى ۋەقىف دىگىچى خەت

بۇ خەت- چەك ۋە ھۆججەتلەر قەشقەر شەھىرى، كونا شەھەر (توقۇزاق)، يېڭىشەھەر ۋە يەكەن ناھىيەلىرىدىكى تەۋە يېزا ۋە مەھەللىلەردىكى كىشىلەرنىڭ شەرىئەت مەھكىمىسىگە قىلغان ئەرز- شىكايىتى، ئامبالغا يازغان ئەرز خەتلىرى، قەرز ھۆججەتلىرى، يەر خېتى، يەر سېتىۋېلىش ھۆججىتى، زېمىن سېتىش ھۆججىتى، تىلخەت، ۋاكالەتنامە، ئەھدىنامە قاتارلىق مەزمۇندىكى خەتلەر بولۇپ، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتىكى بىر مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھۆججەتلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا مەتنشۇناسلىق پىرىنسىپى بويىچە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئوقۇلغۇ قىلىندى ھەمدە بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىلدى.

1

**ئەرزى داشت شەرىئەتكە ①**

**مەھكىمەئى شەرئىيەگە ②**

رەۋاقكۆلباشى مەھەللەسىدىن توختەنىياز ئاخۇننىڭ ئەرزى.

بەشبىرىغلىق مۇھەممەد توختىباينىڭ ئوغلى تۇردى ئاخۇندا ۋەسقەلىق ③ ئوتتۇز چارەك بۇغداي ۋە ئوتتۇز چارەك قوناق ھەققىم بار ئىدى. ھالا ④ بېرەدۇرغان ۋەئىدەسىدىن ⑤ ئۈچ ئاي ئۆتتۈپدۇر. بەھانە قىلىپ بەرگەلى ئۇنىمايدۇر. چىڭراق تۇتسام جەدەل ⑥ قىلادۇر. مەرھەمەتەن ⑦ مەھكىمەئى شەرئىيەگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، شەرىئەت ھۆكمىچە ھەققىمنى ئالدۇرۇپ بېرىشلىرىدىن ئۈمىد قىلۇرمەن.

سەنە ⑧ 1331، ماھى شەئباننىڭ 22. ⑨

2

**شەرىئەتكە يەنە بىر ئەرىز**

**مەھكىمەئى شەرئىيەگە**

يېڭىبازار مەھەللەسىدىن روزىئاخۇننىڭ ئەرزى.

مۇتەۋەففا ئاتامىز ⑩ موللاقۇربان ھاجىنىڭ ئوغلى رەشىد ئاخۇندىن مەزكۇر مەھەللەدە بىر ھويلا ۋە ئىشقول بويىدا ئون بەش مولۇق يەر ۋە باغى بىلەن بىر ھويلا، بىز ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىزغە مىراس تەككەلى بىر يىل بولغان ئىدى. ھالا بىر تۇغقانلارىمغا تەگىشلىك ھەققىمنى ئايرىپ بېرىڭلار دېسەم ئۇنىمايدۇر. مەرھەمەتەن بەھەسەبى شەرئى ⑪ ھەققىمنى ئايرىپ بېرىپ، قەتئى نىزائى ⑫ قىلىشلارنى ئۈمىد قىلۇرمەن دەپ تۇتقان ئەرزى داشت ⑬.

سەنە 1331، 15- ماھى مۇبارەك رامزان ⑭).

3

**يامۇنغە ئەرىز ⑮**

**ئىلتىفاتلىق ئامبانغە ⑯**

مىشار يۇقارقى قاش تۆبەنكى قاش كامرا ئوردا ئۆستەڭى، خان ئېرىق قاتارلىق يۇرتلاردىن تاھىر مىراب، ئەيسا مىراب، ئون ئۈچ يۈز باشى، رەئىس ئىمام، مۇئەززىن ۋە ھەممە چوڭ- كىچىك فۇقەرالارىنىڭ ⑰ ئەرزى. بۇ نەۋبەتدە ئورفە مىشارنىڭ ئاغزىغا زاكۇ ⑱ قويۇپ، سۈيۈمىزنى تەگىشەپ ئالغالى ئەرىز قىلىپ، زاكۇ قويغالى يۇۋۋەدەن ⑲ ئالىپ چىقىپ ئېبدۇك ⑳. ھالا بۇگۈن ئورفەتىنىڭ فۇقەرالارى زاكۇ قويۇپ ئەمەن ㉑ ئەمەن بولغان ئەمەس دەپ ئەرىز قىلىپدۇر. بىزلەرزاكۇ قويماساق سۈيىمىز ئەسلا تەگىشەلمەيدۇر. ئامبان ئۆزلەرى كۆرۈپ سۈيۈمىزنى تەگىشەپ زاكۇ قويۇپ بەرگەلى ئىلتىفات تىلەيمىز دەپ تۇتقان ئەرىز.

خۇا مىنگۈينىڭ ㉒ 3-يىلى، تۆرتىنچى ئاينىڭ سەككىزىدە. ㉓

4

### ۋەسىقە

### مەدىيونلۇق خەتى ㉔

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئىككى، ماھى مۇھەررەمنىڭ يىگىرمە بىرى ㉕ ئېردى. مەنكى مەغار تۆبى مەھەللەسىدىن روزى باقى باينىڭ ئوغلى نورۇز ئاخۇندۇرمەن. رەساقەد ㉖، گەندۇم رەڭ، ㉗، قارا ساقال ئىقرارى شەرئى قىلدىمكى ㉘ يېڭى شەھەرلىك مۇساباينىڭ ئوغلى يەئقۇبئاخۇندىن ئىككى يۈز ئەللىك تەڭگە پۇلغە مەدىيوندۇرمەن ㉙. سەمەنى مەزكۇرنى ㉚ تەلەپ قىلغان ۋەقتىدا بىلا مۇناقەشە ㉛ ئادا قىلۇرمەن دەپ ئۇشبۇ قەۋلىمنىڭ ㉜ راستلىقى ئۈچۈن ۋەسىقەئى شەرئىيەتتە تەسلىم قىلدىم ㉝.

ھۇززارى مەجلىس ㉞: مۇھەممەدنىياز باي، تاش بايلار شاھىددۇر.

5

### يەنە بىر ۋەسىقە

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئىككى ماھى رەجەبنىڭ يەتتەسى ئېردى ㉟. مەنكى سەفەرباي گەندۇم رەڭ ㊱، بىرىش ㊲ ميانە قەد ㊳ ۋەلەدى ㊴ توختى ئاخۇندۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، ㊵ بەچاۋۇرلۇق ㊶ ھەيدەرخان ھاجى مەشھۇرىغە بەشيۈز سەكسەن چارەك بۇغدايغە مەدىيوندۇرمەن ㊷. مەزكۇر ئاشلىقنى مۇددەتى ئالتە ئاي قارارىدا بىدەئۋا ئىفائ ㊸ بېرۇرمەن.

ھۇززارى مەجلىس: مۇئەززىن سەمەد ئاخۇن، ناسىر ئاخۇن ئىمام شاھىددۇر.

6

### يەنە بىر ۋەسىقە

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچيۈز ئوتتۇز ئىككى بەرائەت ئاينىڭ ئالتەسى ㊹ ئېردى. مەنكى خىنىم ئېرىق كەنتىدىن قاسىم خوجە ۋەلەدى ㊺ يۇنۇس بايدۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، شەھەرلىك سەئىد ئاخۇن ۋەلەدى تۇرسۇن ئاخۇندىن سەكسەن چارەك قوناقغە پۇل ئالدىم. مەزكۇر قوناقنى كۈز ۋەقتىدا ئۆز ئۇلاغلارىم بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىپ ۋەسىقەمنى ئالۇرمەن. ئەگەر ۋەقتىدا بەرمەي ھۆكۈمەت يەرىدىن ㊻ كىشى چىقىسا مەھاسىلنىڭ خىزمەتىنى ㊼ ئۆزۈم بېرۇر بولدۇم دەپ ئۇشبۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا بۇ خەتنى بەردىم.

ھۇززارى مەجلىس: موللا مۇسا ئاخۇن، يۇنۇس ئاخۇنلار شاھىددۇر.

7

### ئىجارە خەت

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچيۈز ئوتتۇز بىر ماھى شەۋۋالنىڭ ئىككىسى ㊽ ئېردى. مەنكى تىمۇر خوجە كۆلباشىدىن قۇربان باي ۋەلەدى سابىت خوجەدۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، كامىرا كەنتىدە كائىن ㊾ مەئلۇمۇلھۇدۇد ㊿ ئون چارەكلىك يەر، بىر ھويلا ۋە باغچە لارىم بىلەن قوشۇپ شاكىرئاخۇن ۋەلەدى ئەھمەدئاخۇنغە بىر يىللىق ئىجارەسىنى ئوتتۇز سەر كۈمۈشگە ساتتىم، بەدەلى ئىجارەنى (51) تەمامەن قولۇمغە ئالىپ تىلىمدىن ھۆججەتى خەت بەردىم.

ھۇززارى مەجلىس: ئىمام ئابدۇلباقى ئاخۇن، سوفى چوڭلار شاھىد.

يا مونغە عرض

٣

التفاتليق امبانغه

ميشاريو قارقى قاش توبنكى قاش كامرا اوردا اوسنكى
خان اريق قتارليق يورتلاردين طاهر ميراب عيسى ميراب لاون
اوچ يوزباشى رئيس امام موذن وبهمه چونك كچيك فقرالارى نينك
عرضى بونوبت ده اورفه ميشارنيك آغزيغه زاكو قويوب سويوميز
تنكشاب آلغالى عرض قيليب زاكو قويغالى يودن اليب چيقيب ايدوك
حالا بوكون اورفه نينك فقرالارى زاكو قويوب عن بولغان ايماس
ديب عرض قيليب دوربيزلار زاكو قويماساق سويوميزا صلاتنك
شالمايدورا امبان اوزلارى كوروب سويوميزنى تنكشاب زاكو
قويوب بركالى التفات قيلايميز ديب توتقان عرض

خوامن كوىنيك ٣ نچى يىلى تورتنچى آىنيك ٨ يده

8

### بىر كىشى تىلىدىن بەرگەن لادەئۇۋا (52) خەت

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز بىر ماھى سەفەرنىڭ ئونتۆرتى (53) ئېردى. ئارائوردا مەھەللەسىدىن روزى ۋەلەدى سۇلتان بايدۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، ئوترانچە ئورفەلىق تۆردى دېگەندە بىر يۈز ئەللىك سەر پۇلۇم بار ئېدى. بەرمەدى دەپ شەنگەن ئامبانغە (54) ئەرىز قىلغانىمدا، ئامبان بىزلەرنى شەرىئەتكە بۇيرۇپ، شەرىئەت ئالدىدا مۇددەئەن ئەلەيھى مەزكۇر(55) مۇنكىر بولۇپ (56)، مەندە ھەققى يوق دېگەندە، بىر نەچچە ئەھلى سەلاھ (57) كىشىلەر ئاراغە تۈشۈپ (58)، سۇلھ تەرىقى بىلەن (59) ئاتمىش سەر پۇل ئالىپ بەردى. مەن بۇ پۇلنى ئالىپ رازى ۋە قانى بولۇپ، (60) دەئۋايىمدىن ئۆتتۇم. مېنىڭ مەزكۇر تۆردى دېگەندە جىنس دۇنيالىقدىن (61) ھېچ ھەققۇل ھاققىم (62) قالمادى. بۇندىن كېيىن دەئۋا قىلسام دەئۋايىم باتىل (63) ۋە نامەسمۇئدۇر (64) دەپ ئۇشبۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغە خەت بەردىم.

ھۇززارى مەجلىس: مۇسا باي، ناسىر ئاخۇن، رەزىق خوجەلار شاھىددۇر.

9

### ئىجارە خەتى

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئىككى بەرائەت ئاينىڭ ئوتتۇزى (65) ئېردى. مەنكى كىچىك ئوردا مەھەللەسىدىن موللائاخۇن ۋەلەدى ئەبدۇللاھ ئاخۇندۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، چەھارسۇداكى بىر دۇكانىمنى تۆرت ئىشكىلىك (66) ئۆيى بىلەن قوشۇپ رەھىم باي ۋەلەدى ھاجىئاخۇنغە بىر يىللىق ئىجارەسىنى ئون بەش سەر پۇلغە ساتتىم. بەدەلى ئىجارەنىڭ (67) سەككىز سەرىنى نەقد (68) ئالدىم. قالغان يەتتە سەرىنى يىل تەمام بولغاندا ئالۇرمەن. مەئلۇم مۇددەت (69) تەمام بولغۇنچە ئورنىدىن قوزغاماس ۋە غەيىر ئەرزىيەت(70) يەتكۈزمەس ۋە ئىمارەتنىڭ بىناسىغە زەرۇر كەلتۈرگۈدەك بولماغان (71) ھەر قانداغ ئىشنى قىلسا مەنى قىلماس (72) بولۇپ، ئۇشبۇ قەۋلىمنىڭ راستلىقىغە بۇ خەتنى بەردىم.

ھۇززارى مەجلىس: ئەبدۇلباقى ئاخۇن، خاجە ئاخۇنلار شاھىد.

10

### زەمىن خەتى (سىككە)(73)

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئىككى ماھى مۇھەررەمنىڭ ئىككىسى (74) ئېردى. مەنكى پالتۇئاخۇن ۋەلەدى سىيىتئاخۇن ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، ئوتۇنچۇلۇق نەۋاھەسى (75) ئايكۆل مەۋزەئىداكى(76) مۇلكى زەر خەرىد (77) ئون بىر خۇداكى (78) بىرىنچى بەش مو (79)، ئىككىنچى ئۈچ مو (80) جەمى سەككىز مو يېرىمنىڭ ھۇدۇدى (81): شەرقەن (82) سادىقبايىنىڭ يەرىگە مۇتتەسىل (83)، فاسىلە (84) قىر؛ جەنۇبەن (85) موللا سابىت ئاخۇننىڭ يەرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە ئېرىق؛ (86) غەربەن (87) ئادىل ئاخۇننىڭ يەرىگە مۇتتەسىل. فاسىلە زەيكەش؛ شىمالەن (88) موللا ئاخۇننىڭ يەرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە ئوق تىرگەن(89) شۇبۇ (90) ھۇدۇد ئىچىداكى يەرىمنى تەئەللۇق دەرەخت ھەققى ئابى(91) راھى رەۋىشى (92) بىلەن قوشۇپ غەبنى غۇرۇرىدىن (93) ئۆتۈپ، بىقىمەتىل ئەدىل رايىجەتىل ۋەقت (94) بىر يۈز ئوتتۇز سەر كۇمۇشكا بەيئى مۇتلەق (95) قىلىپ، ناسىر ئاخۇن ۋەلەدى نىياز چوڭغا ساتتىم. پۇلنى تەمامەن قولۇمغا ئالىپ خەنيغا (96) خەت بورلاپ (97) بەردىم. مەزكۇر يەردە ۋە خاھ سەمەندە (98) مىن كۇللىل ۋۇجۇھ ھەققۇلھاقىم باقى قالمادى (99).

ھۇززارى مەجلىس: يۈز باشى قاسىم ئاخۇن، خىزىر ئاخۇن ئىماملار شاھىددۇر.

خۇامىنگۇينىڭ تۆرتىنجى يىلى، ئالتىنچى ئاينىڭ يەتتەسى. (100)

11

### رەھن خەتى (100) (گۆرە ۋەسىقەسى (101))

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچيۈز ئوتتۇز بىر رەجەب ئاينىڭ ئالتەسى (102) ئېردى. مەنكى چىدىر توغراق كەنتىدىن ئىسمائىل باي ۋەلەدى يۈسۈف خوجەدۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، كەنت مەزكۇردا كائىن (103) ئون يەتتە مولۇق يەرىمنى شەھەرلىك ئىسلام ئاخۇن ۋەلەدى قۇتلۇغ ئاخۇنغە يەتمىش سەر پۇلغە بەيئى جايىز مەئەلئىزنى يىل ئىنتىفائى (104) قىلىپ بەردىم. مۇددەتى بىر يىلدا (105) سە مەنى مەزكۇرنى (106) تافشۇرۇپ بېرىپ، فەككى روھن (107) قىلۇرمەن. مەزكۇر يەرنىڭ ھۇدۇدى: شەرقەن سەيد ھاجىنىڭ يەرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە قىر؛ غەربەن يۈنۈسنىڭ باغىغە مۇتتەسىل، فاسىلە ئارىق (108)؛

شىمالەن موللا باقىنىڭ يەرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە تىرگەن؛ جەنۇبەن راھى ئامغە (109) مۇتتەسىل. بۇ ئىدى سۇرەت، ۋاقىئەگە تەھرىر تاپتى. (110)

ھۆززاتى مەجلىس: ئىمام ئابدۇلباقى ئاخۇن، موللا سۇفى ئاخۇنلار شاھىددۇر.

12

ۋەكالەتنامە

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچيۈز ئوتتۇز بىر ماھى زۇلھەججەنىڭ تۆرتى (111) ئېردى. مەنكى تۇردى ھاجى ۋەلەدى مۇسا ھاجىدۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، خوتەنلىك سابىرئاخۇن ۋەلەدى رۇسۇلئاخۇنداكى ۋەسىقەلىق (112) ئۈچيۈز سەر پۇلۇمنى ئۆز ئورنۇمدا قەبزى ئىستىفا قىلماق ئۈچۈن (113) كاشغەرلىق ھۇسەين ئاخۇن ۋەلەدى زەيد ھاجىنى ۋەكىلى مۇتلەقۇلئىنان (114) ۋەقائىم مەقانى نافس خۇدا قىلدىم (115). ئىندەل ئىقرار (116) پۇلنى ئالىپ ۋەسىقەنى تافشۇرۇر. ئىندەل ئىنكار (117) مەھكىمەئى شەرئىيەگە مۇرافەئە (118) قىلۇر دەپ ئۇشبۇنىڭ راستلىقىغە بۇ خەتنى بەردىم.

ھۇززارى مەجلىس: ئەھمەدئاخۇن، سۇلەيمان ئاخۇنلار شاھىددۇر.

13

كىراكەشنىڭ تىلىدىن خەت (ئەھدىنامە)

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچيۈز ئوتتۇز بىر ماھى رابىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئون بەشى (119) ئېردى. مەنكى قورغانغە تابى (120) قوشكۆل كەنتىدىن موللا روزى ۋەلەدى ئەيدبايدۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ مۇئتەبىر شەرئى (121) قىلدىمكى، كەرىمئاخۇن ۋەلەدى مۇھەممەدنىياز ئاخۇننىڭ ئون ئات يۈكنى ئوشقە (122) يەتكۈزۈپ بەرگەلى كىرا قىلدىم. ھەر بىر ئاتنىڭ كىراسى ئونبىر سەردىن، پۇلنىڭ يېرىمىنى نەقد (123) قولۇمغا ئالدىم. قالغان يېرىمىنى يۈكنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ئالۇرمەن. ئەگەر يولدا بىر ھادىسە بىلەن مالغە زەرۇر ۋە نۇقسان يەتسە (124) ياكى تەلق بولسا (125) ئول مېنىڭ زىممەمگەدۇر دەپ ئۇشبۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغە بۇ خەتنى بەردىم.

ھۇززارى مەجلىس: تاھىر ھاجى، كەرىمئاخۇن، ئەلى بايلار شاھىددۇر.

14

يەنە بىر زەمىنى ۋەقف دىگىجى خەت (126)

تارىخقە بىر مىڭ ئۈچيۈزئوتتۇز ئىككى ماھى شەۋۋالنىڭ ئۈچى (127) ئېردى. مەنكى ئوشۇرئاخۇن ۋەلەدى موللا خوجەدۇرمەن. ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى، ئوتتۇنچۇلۇق نەۋاھەسى نەۋقەت مەۋزەئىدا بەش خوداكى ئىككىنچى ئون بىر مو ۋەقفى ئۇسكنات يېرىمنىڭ (128) ھۇدۇدى: شەرقەن غەففاربايىنىڭ يەرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە قىر؛ جەنۇبەن سابىت موللانىڭ يەرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە باغتام؛ غەربەن قاسىم خوجەنىڭ يەرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە ئارىق؛ شىمالەن ھەم قاسىم خوجەنىڭ يەرىگە مۇتتەسىل، فاسىلە تىرگەن. شۇبۇ ھۇدۇد ئىچىدەكى ۋەقف يەرىمنى ھەر يىل بېرەدۇرغان زەمىن ئىجارەسىگە ئۈچ چارەك بۇغداي ۋە ئۈچ چارەك قوناقغە توختاتىپ، ئىسكىنەسىنى (129) توقسان سەر كۈمۈشكە روزەباي ۋەلەدى ئىبراھىم ئاخۇنغە ساتتىم. پۇلنى تامامەن قولۇمغا ئالىپ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن خەنيغە دىگىجى خەت (130) بورلاپ بەردىم. بۇ ئىدى سۇرەتى ۋاقىئە (131).

ھۇززارى مەجلىس: مامۇت ئاخۇن، ھامىد ئاخۇنباي، سۇفىبايلار شاھىد.

ئىزاھاتلار:

① ئەرزى داشت شەرىئەتكە — شەرىئەتكە تۇتۇلغان ئەرز.
② مەھكىمەئى شەرئىيەگە — شەرىئەت مەھكىمىسىگە.
③ ۋەسىقەلىق — ھۆججەتلىك، خەتلەشكەن.
④ ھالا — ئەمما، بىراق، لېكىن.
⑤ ۋەئدە — ۋەدە، ئەھد.
⑥ جەدەل — جېدەل.
⑦ مەرھەمەتەن — مەرھەمەت قىلىپ.
⑧ سەنە — يىل.
⑨ مىلادى 1913ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



⑩ مۇتەۋەففا ئاتامىز ــــ مەرھۇم ئاتىمىز.
⑪ بىھەسەبى شەرئى ــــ شەرىئەت بويىچە.
⑫ قەتئىي نىزائ ــــ تالاش-تارتىشنى ئايرىش، تالاش-تارتىشنى ئۈزۈش.
⑬ داشت ــــ پارسچە يارده‌مچى پېئىل بولۇپ، «قىلىندى، بولۇندى، ئىشلەندى» دېگەن مەنىدە.
⑭ مىلادى 1913-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
⑮ يامۇنغە ئەرز ــــ يامۇلغا ئەرز.
⑯ ئىلتىفاتلىق ئامبانغە ــــ كۆيۈمچان ئامبالغا.
⑰ فۇقەرا ــــ پۇقرا.
⑱ زاكۇ ــــ قاپقىنى ئېچىش ئارقىلىق سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان سېمونت ياكى ياغاچ تاقاق، توما.
⑲ يوۋدەن ــــ سۇنى توسۇشقا ئىشلىتىدىغان توما.
⑳ ئالىپ چىقىپ ئىدۇك ــــ ئېلىپ چىققانتۇق.
㉑ ئەن ــــ راۋان، سۇنىڭ راۋان ئېتىك ئېقىشىنى كۆرسىتىدۇ.
㉒ خۇا مىنگۇي ــــ جۇڭخۇا مىنگو 中华民国
㉓ جۇڭخۇا مىنگونىڭ 3-يىلى تۆتىنچى ئاينىڭ سەككىزى (1914-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى)
㉔ مەدىيۇنلۇق خەت ــــ قەرزدارلىق خېتى.
㉕ تەخمىنەن 1913-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
㉖ رەساقەد ــــ ئېگىز بوي.
㉗ گەندۇم رەنگ ــــ بۇغداي ئۆڭ.
㉘ ئىقرارى شەرئى قىلدىمكى ــــ شەرىئەت بويىچە ئىقرار قىلدىمكى.
㉙ مەدىيۇندۇرمەن ــــ قەرزدۇرمەن.
㉚ سەمەنى مەزكۇر ــــ مەزكۇر پۇل.
㉛ بىلا مۇناقەشە ــــ گەپ-سۆز قىلماي، تالاش-تارتىش قىلماي.
㉜ قەۋلىم ــــ سۆزۈم.
㉝ ۋەسىقەئى شەرئىيەتتە تەسلىم قىلدىم ــــ شەرىئەت بويىچە تىلخەت بەردىم.
㉞ ھۇززارى مەجلىس ــــ ھازىر بولغۇچىلار، گۇۋاھچىلار.
㉟ تەخمىنەن مىلادى 1914-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
㊱ گەندۇم رەنگ ــــ بۇغداي ئۆڭ.
㊲ بى رىش ــــ كوسا، ساقالسىز.
㊳ ميانە قەد ــــ ئوتتۇرا بوي.
㊴ ۋەلەدى ــــ ئوغلى.
㊵ ئىقرارى سەرىھ قىلدىمكى ــــ ئېنىق ئىقرار قىلدىمكى.
㊶ مەتىندە بۇ سۆز «بەچاۋۇرلۇق» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇندىن قارىغاندا «پەشاۋۇر» بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق بولغاندا ھازىرقى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر ئۆلكىسىنى كۆرسىتىدۇ.
㊷ مەدىيۇندۇرمەن ــــ قەرزداردۇرمەن.
㊸ بىدەئۋا ئىفادە ــــ تولۇق.
㊹ تەخمىنەن 1914-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
㊺ قاسىم خوجە ۋەلەدى ــــ قاسىم خوجىنىڭ ئوغلى.
㊻ ھۆكۈمەت يەرى ــــ ھۆكۈمەت ئورگىنىدىن.
㊼ مەھاسىلىنىڭ خىزمەتى ــــ غەللە-پاراق خىزمىتى، غەللە-پاراق. ئەسلىي بۇ سۆز «ھوسۇل» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تېكىستنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا «غەللە-پاراق تاپشۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
㊽ تەخمىنەن مىلادى 1913-يىلى 9-ئاينىڭ 4-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
㊾ كائىن ــــ مەۋجۇت، بار. مەتىندە بۇ سۆز ئالدىدىكى «كەنتىدە» دېگەن سۆزگە قوشۇلۇپ بىر قوشۇمچە رولىنى ئويناپ «كەنتىدىكى، كەنتى تەۋەسىدىكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن.

50 مەئلۇمۇلھۇدۇد — پاسىللىرى ئېنىق، چېگرالىرى ئېنىق.

51 بەدەلى ئىجارە — ئىجارە ھەققى.

52 لادەئۋا خەت — دەۋايىم يوق دېگەن خەت.

53 تەخمىنەن مىلادى 1913 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

54 شەنگەن ئامبان — ناھىيە ئامبىلى.

55 مۇددەئەن ئەلەيھى مەزكۇر — مەزكۇر جاۋابكار.

56 مۇنكىر بولۇش — تېنىۋېلىش، يوققا چىقىرىش.

57 ئەھلى سەلاھ — ياراشتۇرغۇچى، سالاچى، ئارىچى.

58 ئارافە تۈشۈپ — ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئارىغا چۈشۈپ.

59 سۇلھى تەرىقى بىلەن — سۇلھ قىلىش يولى بىلەن، سۇلھ يولى بىلەن.

60 قانىئ بولۇش — قانائەت قىلىش.

61 جىنس دۇنيالىقدىن — دۇنيا جۈملىسىدىن ، دۇنيا تۈرىدىن.

62 ھەققۇل ھاققىم — تېگىشلىك ھەققىم.

63 باتىل — كۈچكە ئىگە ئەمەس.

64 نامەسمۇئدۇر — قولاق سېلىنمايدۇ.

65 تەخمىنەن مىلادى 1914 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

66 تۆرت ئىشكىلىك — تۆت ئېغىز. بۇ يەردە «ئىشىك» سۆزى مىقدار سۆز ئورنىدا يەنى «ئېغىز» مەنىسىدە كەلگەن.

67 بەدەلى ئىجارە — ئىجارە ھەققى.

68 نەقد — نەق.

69 مەئلۇم مۇددەت — ئاشۇ ۋاقىت، بەلگىلەنگەن ۋاقىت.

70 غەيىر ئەرزىيەت — باشقا ئەرزىيەت.

71 زەرۇر كەلتۈرگۈدەك بولماغان — زىيان كەلتۈرمەيدىغان.

72 مەنئى قىلماس — توسماس، توسمايدۇ.

73 سىككە — تەڭگە پۇل.

74 تەخمىنەن.

75 ئوتتۇنچۇلۇق نەۋاھەسى — بۇ يەردىكى «نەۋاھە» سۆزى ئەسلىدە «ناھىيە» سۆزىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ بۇ يەردە «ئەترا-پى، تەۋەسى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز «ئوتتۇنچىلىق تەۋەسى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

76 مەۋزەئ — دېگەن يەر، بېشىدىكى «ئايكول» دېگەن جاي نامى بىلەن قوشۇلۇپ «ئايكۆل» دېگەن يەردىكى» دېگەن مەنە-نى بىلدۈرىدۇ.

77 مۈلكى زەر خەرىد — بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئالتۇنغا سېتىلىدىغان مۈلك» دېگەنلىك بولىدۇ. ۋەسىقىدىكى مەنىسىگە ئا-ساسلانغاندا «مۈنبەت يەر، يەر ھوسۇللۇق يەر، ئەڭ ياخشى يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن.

78 ئون بىر خۇ — بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ نامى.

79 بىرىنچى بەش مو — بىر مەيداندىكى بەش مو يەر.

80 ئىككىنچى ئۈچ مو — يەنە بىر مەيداندىكى ئۈچ مويەر.

81 ھۇدۇد — چېگرا، پاسىل.

82 شەرقەن — شەرق تەرىپى.

83 مۇتتەسىل — تۇتىشىش.

84 فاسىلە — پاسىل، چېگرا.

85 جەنۇبەن — جەنۇب تەرەپ.

86 غەربەن — غەرب تەرەپ.

87 شىمالەن — شىمال تەرەپ.

88 ئوق تىرگەن — ئېتىزغا قويۇلغان چوڭ قىرنى كۆرسىتىدۇ.

89 شۇبۇ — ئۇشبۇ.

⑨⓪ ھەققى ئابى — سۇ ھەققى.
⑨① راھى رەۋىشى — ھەممىنى قوشۇپ، مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھەقلەر قوشۇلۇپ.
⑨② غەبنى غۇرۇر — كاللىسىدىن ئۆتۈپ، ئالداش ۋە ئالدىنىشتىن ساقىت قىلغان ھالدا.
⑨③ بىقىمەتىل ئەدىل رايىجەتىل ۋەقت — ھازىر بولۇۋاتقان ئوتتۇرا باھادا.
⑨④ بەيئى مۇتلەق — تامامەن، پۈتۈنلەي.
⑨⑤ خەنيى — بۇ خەنزۇچە 汉爷 دېگەن سۆز بولۇپ مەنىسى «خەنزۇ تۆرەم» دېگەن مەنىدە.
⑨⑥ بورلاش — يۆگەش.
⑨⑦ سەمەن — پۇل.
⑨⑧ مىن كۇللىل ۋۇجۇھ ھەققۇل ھاققىم باقى قالمادى — ھېچقانداق ھەققىم قالمىدى.
⑨⑨ جۇمخۇا مىنگونىڭ 4-يىلى 6-ئاينىڭ 7 سى (1915-يىلى 6-ئاينىڭ 7-كۈنى)
①⓪⓪ رەھىن خەتى — رەنە خەت، گۆرۈ خەت.
①⓪① گۆرە ۋەسىقەسى — گۆرۈ ۋەسىقەسى.
①⓪② تەخمىنەن مىلادى 1913-يىلى 6-ئاينىڭ 11-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
①⓪③ كەنت مەزكۇردا كائىن — مەزكۇر كەنتتىكى.
①⓪④ بەيئى جايىز مەئەلئىزنى بىل ئىنتىفائ — پايدىلىنىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىش، پايدىلىنىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىش.
①⓪⑤ مۇددەتى بىر يىلدا — بىر يىل مۇددەتتە.
①⓪⑥ سەمەنى مەزكۇر — مەزكۇر پۇل.
①⓪⑦ فەككى رەھىن قىلىش — گۆرۈنى قايتۇرۇۋېلىش گۆرۈگە قويغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش.
①⓪⑧ فاسىلە ئارىق — پاسىلى ئېرىق.
①⓪⑨ راھى ئام — چوڭ يول، ئاۋامنىڭ يولى.
①①⓪ بۇ ئىدى سۇرەت، ۋاقىئەگە تەھرىر تاپتى — بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسى مانا شۇ، ئەھۋال شۇنداق پۈتۈلدى.
①①① تەخمىنەن مىلادى 1913-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
①①② ۋەسىقەلىق — ھۆججەتلەشكەن.
①①③ قەبزى ئىستىفا قىلماق ئۈچۈن — تولۇق تاپشۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن.
①①④ مۇتلەقۇلئىنان — تولۇق ھوقۇقلۇق.
①①⑤ مۇتلەقۇلئىنان ۋەقائىم مەقانى نەفس خۇد قىلدىم — ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلدىم.
①①⑥ ئىندەل ئىقرار — تەن ئالسا.
①①⑦ ئىندەل ئىنكار — تەن ئالمىسا ياكى تېنىۋالسا.
①①⑧ مۇرافەئە — يوللاش، بۇيرۇش.
①①⑨ تەخمىنەن مىلادى 1913-يىلى 2-ئاينىڭ 22-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
①②⓪ تابئ — تەۋە.
①②① مۇئتەبەر شەرئى قىلىش — كۈچكە ئىگە قىلىش، قانۇنلۇق قىلىش.
①②② ئوش — ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ ئوش ۋىلايىتى.
①②③ نەقد — نەق.
①②④ زەرۇر ە نۇقسان يەتسە — زىيان-زەخمەت يەتسە.
①②⑤ تەلق بولسا — بۇزۇلسا، بۇزۇلۇپ كەتسە.
①②⑥ يەنە بىر زەمنى ۋافق دىگجى خەت — يەنە بىر ۋەخپە زېمىننىڭ ئەنگە ئېلىنغان خېتى.
①②⑦ تەخمىنەن مىلادى 1914-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
①②⑧ ۋەقفى ئىسكىنات يە ر— ئىجارىگە ئاتالغان يەر.
①②⑨ ئىسكىنە — ئىجارە ھەققى.
①③⓪ دىگجى خەت — بۇ خەنزۇچىدىكى 登记دېگەن سۆز بولۇپ، «تىزىملانغان، ئەنگە ئېلىنغان خەت» دېگەن مەنىدە.
①③① بۇ ئىدى سۇرەتى ۋاقىئە — ھەممە ئەھۋال مۇشۇ شۇ.





# خوتەننىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرى



مۇھەممەد توختى رەجەپ (تارام)

ئەقىل-پاراسەتلىك خوتەن خەلقى، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا داڭلىق قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىن ئالاھىدە پەخىرلىنىدۇ. خوتەننىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، بۇ يۇرتتا ياشىغان قەدىمىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسەت جەۋھىرىدۇر. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تىل-يېزىق، ئەدەبىيات، قول ھۈنەر-سەنئىتى، ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، تۇرمۇش مىزانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. قول ھۈنەر-سەنئىتى بولسا بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەركىبىدىكى مۇھىم بىر تۈردىن ئىبارەت.

خوتەنلىكلەر بۇنىڭدىن 2000-3000 يىللار ئىلگىرى گىلەم، ئەتلەس، خام توقۇش، قەغەز، ئاياغ، قوشۇق ياساش، بىناكارلىق، نەقىش-ئويمىچىلىق، كىگىز ئېتىش، دوپپا، ئۆتەك، مەسە تىكىش، جۇۋاز، سۇ تۈگمىنى ماڭدۇرۇش قاتارلىق تۇرمۇشقا كېرەكلىك خىلمۇخىل قول ھۈنەر-سەنئىتىنى ئىجاد قىلدى. قول ھۈنەر-سەنئىتى ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان گىلەم، ئەتلەس، خام، قەغەز، ئاياغ-قوشۇق، كىگىز قاتارلىق تاۋارلارنى خوتەن دىيارىدىن شەرقتە كىرىيە، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق، لوپنۇرغىچە، شىمالدا ئاقسۇ، غۇلجا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قومۇلغىچە، غەربتە، قاغىلىق، قەشقەرگىچە توشۇپ سېتىش ئارقىلىق

شىنجاڭنىڭ قەدىمي يىپەك يولىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ تاۋارلارنى تارقىتىشنى يىلمۇيىل كېڭەيتىپ ۋە ئىچكىرىلەپ شەرقتە دۇڭخۇاڭ، چاڭئەن، لوياڭ، ياڭجۇ، ياپونىيەگىچە، غەربتە قەشقەر ئارقىلىق دۇشەنبە، ئاشخابات، تېھران، باغدات، ئەنقەرە، ئىستانبۇل، بۇداپىشت، رىمغىچە ئاپىرىپ سېتىپ، قەدىمي دۇنيا يىپەك يولىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

خوتەننىڭ قەدىمي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى قەدىمي يىپەك يولى ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭغا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىگىچە تارقىلىش ئارقىلىق، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا، كوئېنلۇن (قاراقۇرۇم) تاغلىرىنىڭ شىمالىي باغرىغا جايلاشقان گۈزەل بوستانلىق خوتەن دىيارىنى، بۇ دىياردا ياشاۋاتقان دۇنيادىكى 2000 دىن ئارتۇق مىللەت ئىچىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇتقان. خوتەننىڭ قەدىمي قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى (تاۋارلىرى) ئەقىل-پاراسەتلىك خوتەن خەلقىنىڭ ئالىي شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارى.

خوتەن خەلقى قەدىمي يىپەك يولى ئارقىلىق ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىگە تارقالغان گىلەم، ئەتلەس، خام، قەغەز، ئاياغ-قوشۇق، كىگىز قاتارلىق داڭلىق تاۋارلارنى ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان بىناكارلىق، ماي (ياغ) تارتىش، ئۇن تارتىش، ئارقان ئېتىش، يەر ئاغدۇرۇش، توپا يۆتكەش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان لازىمەتلىك سايمانلارنى (ۋاستىلەرنى) ياساشتا پايدىلىنىدىغان، پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىيدىغان چىغرىق، ياتاڭ (پاختا، يۇڭ ئېتىش دۇكىنى)، يىپ ئېگىرىدىغان يىكچاخى، گىلەم توقۇيدىغان دەستىگاھ، خام توقۇيدىغان خام توقۇش دۇكىنى، ئەتلەس توقۇيدىغان ئەتلەس توقۇش دۇكىنى، قەغەز ياسايدىغان قەغەز قوشۇش ئۈسكۈنىلىرى، ئارقان ياسايدىغان غالتەك، ماي (ياغ) تارتىدىغان جۇۋاز، بىناكارلىق لازىمەتلىرىنى ياسايدىغان قىرمىچىلىق دۇكىنى، ئۇن تارتىدىغان سۇ تۈگمىنى، سۇ تۈگمەن چاقى، قول تۈگمىنى ياغۇچاق، يەر ئاغدۇرىدىغان بوقۇسا، توپا يۆتكەشتە ئىشلىتىدىغان ھارۋا زەمبىل، يول يۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان يار-يار ھارۋا، تۆمۈرچىلىكتە ئىشلىتىدىغان كۇراك قاتارلىق خىلمۇ-خىل ئۈسكۈنىلەرنى ئىجاد قىلىپ ياسىغان. بۇ ئۈسكۈنىلەر چىدامىلىق، قۇرت يېمىگەن ئۈجمە، ئۆرۈك، ياڭاق، تېرەك، سۆگەت ياغاچلىرىدىن كەكە، ھەرە، يامپۇچۇق (ئۈشكە) ئارقىلىق قولدا ياسالغان. بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇرەككەپ، كۆركەملىك، نەفىس، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، ياساپ چىقىش قىيىن ۋە مۇشكۈل، كۆپ ئەقىل-پاراسەت، ھۈنەر، ئەجىر-مېھنەت تەلەپ قىلىدۇ.

خوتەننىڭ قەدىمي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرى قەدىمي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئىجاد قىلىش، بارلىققا كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم قورال. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ياردىمىسىز، قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى (مىراسلىرىنى) بارلىققا كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا خوتەننىڭ قەدىمي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرى قەدىرلەشكە، ئەتىۋارلاپ ساقلاشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم مەدەنىي مىراسلاردۇر.

دۇنيادا 18-، 19-ئەسىرلەرگە كەلگەندە، توك بارلىققا كېلىپ، يېنىك ۋە ئېغىر سانائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان كەشپىياتچى ئالىملار خوتەننىڭ قەدىمي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرىنى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش، تەقلىد (ئوخشىتىپ لايىھەلەپ) قىلىش، ئىقتىدار ماھىيىتىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ لايىھەلەش، شەكلىدىن ئۆرنەك (ئىلھام، سېزىم) ئېلىش ئارقىلىق پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىيدىغان ئىستانوك (ماشىنا)، يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى، پاختا، يۇڭ ئېتىش ماشىنىسى، توقۇمىچىلىق ماشىنىسى، ياغ، ئۇن تارتىش ماشىنىسى، يەر ئاغدۇرىدىغان تۆمۈر ساپان قاتارلىق خىلمۇخىل ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى ئىجاد قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ قەدىمي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرى ھازىرقى زامان يېنىك ۋە ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ نۇقتىنى، مۇھىم يەكۈننى ئىنكار قىلىشقا مۇتلەق بولمايدۇ.

دۇنيادا يېنىك ۋە ئېغىر سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خوتەننىڭ قەدىمي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بىر قىسمى، 1980-يىللاردىن باشلاپ ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ بۇ ئۈسكۈنىلەردىن چىغرىق، ياتاڭ (يۇڭ، پاختا ئېتىش دۇكىنى) چاخى، جۇۋاز، خام توقۇش دۇكىنى، قىرمىچىلىق دۇكىنى، زەمبىل، ياغۇچاق، ئارقان ئېتىدىغان غالتەك، تۆمۈرچىلەر ئىشلىتىدىغان كۇراك قاتارلىق خېلى كۆپ ئۈسكۈنىلەر 21-ئەسىر كىرگەندىن بۇيان پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قېلىپ يوقىلىشقا باشلىدى.

تارىختا ئۆتكەن بىر دانىشمەن كىشى «تارىخنى

(ئەسلىنى) ئۇنتۇغان مىللەت، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مىللەت» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۇنتۇرىغا قويغان. يەنە خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە: «ئۆتمۈشۈڭنى ئۇنتۇما، شىر چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن ماقال-تەمسىل تارقالغان. ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان خوتەننىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىشقا، تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈشكە، ئۇنتۇپ قېلىشقا، يوقىتىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، شۇڭا بۇ مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئەسلەپ تۇرۇشىمىز، ساقلىنىپ قالغانلىرىنى قوغدىشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بۇ تەۋەررۇك قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ھەر بىر ئۈسكۈنە ھەققىدە ئاددىي ۋە قىسقا چۈشەندۈرۈش يازدىم.

**1. پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىش ئۈسكۈنىسى — چىغرىق**

ئىككى ئوقنىڭ قارمۇقارشى ئايلىنىشى ئارقىلىق پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىيدۇ. چىغرىق: — قول چىغرىقى ۋە تەپمە چىغرىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ چىغرىقلاردا بىر ئادەم بىر كۈندە 10-15 كىلوگرام پاختىنى چىگىتتىن ئايرىيدۇ. (1-، 2-، 3-سۈرەت)

**2. پاختا ۋە يۇڭنى ئېتىش ئۈسكۈنىسى — ياتاق)**

ياتاق (پاختا، يۇڭ ئېتىش دۇكىنى)نىڭ دەستە (تۇتقۇ) ئۇزۇنلۇقى 1.85 مېتىر كېلىدۇ. دەستىنىڭ باش تەرىپى (ئارىلىقى كەڭ تەرەپ) بىلەن ئۇچى (تار تەرەپ)كە زەي تارتىلىدۇ. زەي: — ئۆچكە تېرىسىنى ئاشلاپ، تىلىپ، ئېشىپ راسلىنىدۇ. زەيگە ئۇرىدىغان كىچىك توقماق ئۆرۈك، ئۈجمە، جىگدە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ياتاق بىلەن بىر سائەتتە 10-12 كىلوگرام پاختىنى، يۇڭنى ئاتقىلى بولىدۇ. (4-5-سۈرەت)

**3. يىپ ئىگىرىش ئۈسكۈنىسى — يىكچاخى**

9 دىن 12 جۈپكىچە يىكچاخى قانىتىنى قارمۇقارشى قىلىپ يىكچاخى يۈرىكىگە زەي ئارقىلىق چېتىش بىلەن ياسىلىدۇ. يىكچاخى چوڭ قانات شارچە جازىسىنىڭ دىيامېتىرى 35-40 سانتىمېتىر، كىچىك يىك دىيامېتىرى 0.7 سانتىمېتىر، چوڭ يىك دىيامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يىكچاخى چوڭ قانات بىر ئايلانسا كىچىك يىك 50 قېتىم، چوڭ يىك 32 قېتىم ئايلىنىدۇ. يىكچاخىدا بىر ئادەم بىر كۈندە خام توقۇيدىغان پاختا يىپتىن 1.5 كىلوگرام، گىلەم توقۇيدىغان يۇڭ يىپتىن ئۈچ كىلوگرام ئىگىرەلەيدۇ. (6-، 7-سۈرەت)

**4. خام توقۇش دۇكىنى**

— تاش، دەپدىن، تەپكۈ، شانا، ئوينىغۇچ، پەگا، مۇكا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇستا خامچى بىر كۈندە سەرگەزدىن بەش-ئالتىنى، خامدىن ئىككىنى، چەكمەندىن بىرنى توقۇيدۇ. 8-، 9-سۈرەت)

**5. گىلەم توقۇش دۇكىنى — دەستىگاھ**

دەستىگاھ جازا، كامالچى، پەنجە، ئۇستۇرا، قايچا، مۇكا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. جازا تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ جازىغا تىك شەكىلدە باغلانغان پاختا يىپ (ئۇرۇش) يان تەرەپتىن مۇكا ئارقىلىق ئورۇلغان يۇڭ يىپنى (ئارقاغ)، گۈل چېكىلىدىغان رەڭلىك يۇڭ يىپلىرى (شانا) دەپ ئاتىلىدۇ. (10-، 11-سۈرەت)

**6. ئەتلەس توقۇش دۇكىنى**

يىپەك تارتىش، جازا، يىپ بوياش، تەپكۈ، ئوينىغۇچ، دەپدىن، گۈل ئايرىش قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بىر ئادەم بىر كۈندە بىر دانە ئەتلەس توقيالايدۇ. (12-، 13-، 14-، 15-، 16-سۈرەت)

**7. قەغەز ياساش ئۈسكۈنىسى**

ئۈجمە قوۋزىقىنىڭ تاش پوستىنى سويۇش، قوۋزاقنى پىشۇرۇش، قوۋزاقنى سوقۇش، پىشقان قەۋزاقنى قېلىپقا سېلىپ سۇدا تارقىتىش، قېلىپ، توقماق قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. (17-، 18-، 19-سۈرەت)

**8. ماي (ياغ) تارتىش ئۈسكۈنىسى — جۇۋاز**

كۆتەك، قاچى، بۆك، ئوق، خامشال، لاشاڭ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بىر كۈندە بىر ئادەم كۈچلۈك ئۆكۈز بىلەن 10-12 كىلوگرام زىغىر، زاغۇن، زاراڭزا، قوغۇن، كاۋا ئۇرۇقلىرىدىن ماي (ياغ) تارتقىلى بولىدۇ. (20-، 21-سۈرەت)

**9. ئارقان ئېتىش ئۈسكۈنىسى — غالتەك**

ئۈچ دانە، تۆت ئەرەكلىك غالتەكنى بىر ياغاچقا ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە ئورنىتىپ، ئىلمەك ئارقىلىق بەش-ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئارقاننى غالتەككە يۆگەپ بىر خىل يۆنىلىشتە، غالتەكنى ئارقان ئارقىلىق ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئارقان ياسىلىدۇ. بىر سائەتتە ئۈچ-تۆت كىلوگرام يۇڭ ياكى پاختىدىن ئارقان ئەشكىلى (ياسىغىلى) بولىدۇ. (22-سۈرەت)

**10 توپا يۆتكەش ئۈسكۈنىسى — هارۋا، زەمبىل**

تۆت چاسا شەكىللىك، ئىككى تۇتقۇسى بار، باش

AIRA

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەرىپىگە دىيامېتىرى 40-50 سانتىمېتىر كېلىدىغان شار شەكىللىك چاقنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھارۋا، زەمبىل بىلەن 40-50 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى كۆپ كۆچمەي توشىغىلى بولىدۇ. (23-سۈرەت)

**11. يەر ئاغدۇرۇش ئۈسكۈنىسى ــ بوقۇسا**

بوقۇسا 90 گرادۇسلۇق ئەگمە ياغاچتىن ياسىلىدۇ. يەرگە تىرەش، ئۇچىغا چۆيۈندىن چىش سېلىنىدۇ. بوقۇسا ئارقىلىق بىر كۈندە ئۆكۈز ئارقىلىق تۆت-بەش مو يەرنى ئاغدۇرغىلى، تۆت-بەش مو يەرگە بوغداي، قوناق ئۇرۇقى سالغىلى بولىدۇ. (24-سۈرەت)

**12. ئاشلىق يۇمشىتىش ئۈسكۈنىسى ــ سۇ تۈگمىنى**

سۇ چۈشىدىغان نو (قوغاچ)، تاشنى ئايلاندۇرىدىغان تۈگمەن چاقپېلىكى، بىر جۈپ تاش ۋە ئاشلىق قۇشىدىغان ئۈسكۈنە (ساندۇق)تىن ئىبارەت. نونىڭ ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 40-50سانتىمېتىر، نو ئۇچچىنىڭ (سۇ چۈشۈش ئورنى)نىڭ كەڭلىكى 20سانتىمېتىر بولىدۇ، تاشنى ئايلاندۇرىدىغان چاقپەلەك 22-24 دانە قاناتنى ئوققا ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. قانات پەلەمپەي شەكىللىك ياسىلىدۇ. بىر جۈپ تۈگمەن تېشىنىڭ دىيامېتىرى 80 سانتىمېتىردىن بىر مېتىرغىچە بولىدۇ. سۇ چۈشۈش نونىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىردىن ئالتە مېتىرغىچە بولىدۇ. سۇ چۈشۈش يانتۇلۇقىنىڭ ئېگىز-پەسلىكى ئىككى مېتىردىن تۆت مېتىرغىچە بولىدۇ. سۇ تۈگمەنلىرىدە بىر سائەتتە 40-45 كىلوگرام قوناق، بۇغداي، ئارپىنى ئۇن قىلغىلى بولىدۇ. (25-، 26-سۈرەت)

**13. قول تۈگمىنى ياغۇچاق**

ياغۇچاق دىيامېتىرى 35-40 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر جۈپ تاشتىن ياسىلىدۇ. ئۈستىدىكى تاش، تاش تۇتقىسى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ياغۇچاقتا سائىتىگە ئۈچ-تۆت كىلوگرام ئاشلىقنى يۇمشاتقىلى بولىدۇ. (27-سۈرەت)

**14. بىناكارلىق قىرمىچىلىقى**

تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ گۈللۈك ۋاسا، ھويلا-ئاران گۈللۈك شادا (چادىر) ئۆي جازىلىرىنىڭ پاچاق قاتارلىقلارنى نەپىس، چىرايلىق، كۆركەملىك قىلىپ قىرىدىغان قىرمىچىلىق دۆكىنىدۇر. قىرمىچىلىق دۆكىنى يەرگە كۆمۈلگەن ئىككى پاكار تۈگرۈك (قوزۇق)نىڭ ئوتتۇرىسىغا، قىرىدىغان ياغاچنى ئىككى تەرىپى ئايلىنىدىغان ئۇشكە غەلايىغا ئورنىتىش، قىرىدىغان ياغاچنى ئارقان بىلەن ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. (28-سۈرەت)

**15. يول يۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان يار-يار ھارۋا**

يار-يار ھارۋا چاقلىرىنىڭ دىيامېتىرى 80 سانتىمېتىردىن 1.2 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ھارۋا يۈرىكى، چاق سىرتقى يايى، ھارۋا قاناتلىرى چىدامىلىق ئۈرۈك، ئۈجمە، ياڭاق، جىگدە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. چاق شادىسى (چاق يۈرىكىدىن چاق يايىغىچە تۇتاشتۇرۇلغان شادا) 20 دانىدىن 30 دانىغىچە بولىدۇ. يار-يار ھارۋىلار ئىككى چاقلىق ۋە تۆت چاقلىق ياسالغان. بۇ ھارۋىلارغا ئېشەك، ئۆكۈز، ئات، تۆگە قاتارلىقلار قوشۇلغان، چىدامىلىق، كۆركەم ياسالغان. (29-سۈرەت)

**16. تۆمۈرچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ــ كۆراك**

تۆمۈرچىلىكتە (تۆمۈر تاۋلاشتا) ياغاچ كۆمۈرنى كۆيدۈرۈش، كۈچلۈك شامال چىقىرىپ تۆمۈرنى قىزىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىدۇر. كۆراك ئۆچكە تېرىسىنى تۇلۇمچە (خالتا) شەكىللىك سويۇپ ئاشلاپ ياسىلىدۇ. تۇلۇمچە سويۇلغان تېرىنىڭ بىر ئاغزىغا يەل (شامال) مېڭىش نوكىسى (قوغاچ) ئورنىتىلىدۇ. يەنە بىر ئاغزىغا يەل كىرگۈزىدىغان كلاپان (ئېچىپ يايقۇچ) ئورنىتىلىدۇ. كلاپاننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ-يايقاندا كۆراك ئىچىگە يەل توشۇپ، كۆراك بېسىلىشى بىلەن بۇ يەل تۆمۈرنى قىزىتىدۇ. بىر تۆمۈرچىلىك ئۇچىقىدا بىر جۈپ كۆراك بولىدۇ. بىر ئادەم بىر جۈپ كۆراكنى ئىككى قولى ئارقىلىق (ئارقىمۇئارقا) ئۈزۈلدۈرمەي بېسىپ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەجدادلىرىمىز تاختا گۈگۈت قىرىش ئۈسكۈنىسى، چاغلامچىلىك ئۈسكۈنىسى، سۇنغان ھجىر، چىنىلەرنى قادايدىغان (تۇتاشتۇرۇپ يەملەيدىغان) قاداغچىلىق ئۈسكۈنىسى، تۆشۈك تېشىدىغان ئارقانلىق ئۇشكە، بوياقچىلىق ئۈسكۈنىلىرى، زەدىۋال، گۈلدار كىگىز باسىدىغان گۈللۈك ياغاچ تامغۇ، بورا توقۇشتا ئىشلىتىدىغان قومۇش يارغۇ، قومۇش سوقىدىغان توقماق، بۆك، تەلپەك، ئۆتۈك تىكىشتە ئىشلىتىدىغان ھەر خىل چوڭ-كىچىك قېلىپ، نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان تۇرۇز، ئاياغ، قوشۇق، دۇتار، تەمبۇر ياساشتا ئىشلىتىدىغان ھەر تۈرلۈك سايمان ئۈسكۈنىلەرنى ئىجاد قىلىپ، ياساپ ئىشلىتىپ، قەدىمىي ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ كۆپ خىل شەكىل (تۈرلىرىنى) تەرەققىي قىلدۇرغان.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيەلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پېنسيونېرى)

# «كىلتان، قۇلۇپ» توغرىسىدا



**ئابدۇكېرىم تۇردى**

ئەقىل-پاراسەتلىك ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاۋۋال ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرۈشنى باشلىغان خەلق. ئۇلار دېھقانچىلىقنى ئاساس ئورۇندا قويۇپ ھەر تۈرلۈك زىرائەتلەرنى تېرىش، پەرۋىش قىلىش، ئۆز پەسلىدە يىغىش، ياخشى ساقلاش، ئوبدان پىششىقلاپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ، ئۆي-بىساتلارنى ئوغرى-يالغاندىن ساقلاش ئۈچۈن ئىشىكلەرنى مەھكەم ئېتىپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشقا ئېھتىياجلانغاچقا «كىلتان، لوك، دەم، قۇلۇپ» قاتارلىق قۇرۇلمىلارنى ئىجاد قىلغان.

ئىشىك تاقاش قۇرۇلمىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختالماقچىمەن.

## كىلتان

كىلتان دېگىنىمىز: ئۆي ئىشىك قاناتلىرىنى ھىملاپ، مەھكەم ئېتىدىغان، ياغاچچى ھۈنەرۋەننىڭ قولىدا ياغاچتىن ياسالغان قۇرۇلما، كىلتان دېيىلىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە ياغاچچىلىق ھۈنەر كەسپىگە دائىر نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئەينى دەۋردە ياغاچچىلىق ھۈنەر كەسپىگە ئىشلىتىلگەن تۈرلۈك ئەسۋاب، جابدۇقلاردىن: كەكە (چوت)، چوپسا، ھەرە، ئىسكىنا، قىسقاچ، ئامبۇر، ئۇشكە، ئايلانما، رەندە، چوڭ چوت، پالتا، جادە ھەرە، قول ھەرىسى، تۇرۇمچا ھەرە، تىلما ھەرە، توغرا كىسە، ھۆل كىسە، تانار (قارا چېكىدىغان) ئەگزە چىزا، مىتىر قاتارلىق بىر يۈرۈش ياغاچچىلىق ئەسۋاب سايمانلارنىڭ بارلىقىنى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە ئىزاھلاپ بەرگەن.

شۇ چاغدىكى قۇرۇلمىلارغا لازىملىق ئەسۋاب ئاتالغۇلىرى ھازىرمۇ ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ كۈنسېرى راۋاجلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى شۈبھىسىز.

ئىشىك تاقاش قۇرۇلمىلىرىنى ياساش ئۈچۈن كەكە (چوت) كېتىدۇ. پالتا كېتىدۇ، ھەرە كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



1) كىلتان ياسىلىدىغان ئەشيالار

مەسىلەن، «كىلتان» ياساشقا كېتىدىغان ئەشيالار، ياغاچ، يېلىم، ياغاچ مىخ، ياغاچ شارىكچە قاتارلىق نەرسىلەر.

2) «(كىلتان)» ياسايدىغان ياغاچلار

«كىلتان» ئاساسەن بىر قانچە يىللىق قۇرۇق ئۈجمە ياغىچى، قۇرۇق ياڭاق ياغىچى، چىلان، ئامۇت، تېرەك، ئەرمۇدۇن، ئاكاتسىيە، ھاڭگا تېرەك قاتارلىقلار قاتتىق ياغاچتىن ياسىلىدۇ. كىلتاننىڭ ئوق ياغىچى: چىلان، ئامۇت، ئۆرۈك، سىيەن، تېرەك، ئۈجمە، چىقىر ئۈجمە، ياڭاق ياغىچى قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ئەڭ سىلىق پۇتاقسىز تېنىدىن ياسىلىدۇ. يەنى ئۆي ئىگىسىنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياسىلىدۇ.

3) كىلتاننىڭ ياسىلىشى

كىلتاننىڭ كەڭلىكى 10 ~ 12 سانتا، ئېگىزلىكى سەككىز ~ ئون سانتا ئۆلچەپ قارا تانا چېكىپ تىلما ھەر بىلەن ئۆلچەملىك قىلىپ ھەر بىر يۈزىگە رەندە سېلىپ، ئەينەكتەك سىيلىقلاپ چاپلانغان ياغاچنىڭ ئىككى يان ئۈستى قىلىنلىقى ئۈچ-تۆت سانتا قېلىنلىقتا چىزا بىلەن رەخت ئايرىپ قېرىنداش بىلەن سىزىپ شۇ سىزىق ئىچىنى ئىتتىك ئۈسكۈنە بىلەن كىچىك-كىچىك چاناپ بىر-بىرلەپ ئويۇپ راسلانغان ياغاچنى ساندۇق شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئۈنىڭ ئۈستى تەرەپنى بۇقۇرسا شەكلىدىكى ئاياغ ئاچقۇچ بىمالال چۈشكۈدەك ئۇزۇنسىغا تۆشۈك ئېچىلىدۇ.

ساندۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېگىز-پەسچىلىكلەرنى سىيلىقلاشقا ئەينى زاماندا قۇم قەغىزى بولمىغاچقا چوپسا بىلەن ئىچكى قىسمىنى سىيلىقلاپ 25 ~ 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ كىلتان ئوقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ يەتتە-سەككىز مېتىر ئوقنى چىقىرىپ ئىشىك تاقايدۇ. ساندۇق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوقنىڭ يورۇشۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن سۇ ماي بىلەن ياغلاپ تومۇز كۈزلىرى تومۇزدەك قىزىق ئاپتاپقا قاقلاپ، ئاپتاپ يېگۈزۈپ بەش ~ ئالتە كۈندىن كېيىن ئوق (ئىلغۇچ) ئورۇنلاشتۇرۇپ نوكەش ئويۇلغان تۆت چاسا قورساقنىڭ ئاستى تەرەپكە ھەم كەلگۈدەك ياغاچ راسلاپ يېلىم سۈيىنى تەگشەپ ھەر بىر گىرۋانىغا سۈۋاپ راسلانغان تاختاينى يەملەپ «ئايلانما» دەيدىغان كىچىك ئۈشكىدە ئۆلچەملىك تېشىپ سېرىق سۆگەتنىڭ قۇرۇق بادرىسى، قىزىل يۇلغۇن چۇۋۇقلىرى ياكى ژىك ياغىچى قاتارلىقلاردىن مىخ ياساپ يېلىم سۈيىگە مىلەپ مىخلىنىدۇ.

كىلتاننىڭ قورساق قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوق (ئىلغۇچ) ئاچقۇ سېلىنىدىغان تۆشۈككە دەلمۇدەل ئۇدۇل كېلىدىغان يېرى نوكەش ھالەتتە بولۇپ شۇ جايدىن كىلتان ئاچقۇچقا قانچە دانە چىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا شۇنچە تۆشۈك تېشىلىدۇ. كىلتان ئاچقۇچىنىڭ چىشلىرى شۇ تۆشۈككە ئۇدۇللىشىپ چۈشكەندە ئېچىلىدۇ. ھەر بىر كىلتان ئاچقۇچلىرى بىر-بىرىگە چۈشمەيدۇ.

4) ئاچقۇچنىڭ ياسىلىشى

كىلتاننىڭ ئاچقۇچلىرى يىتۈپ كەتسە ياكى سۇنۇپ كەتسە ئۇنى ياسايدىغان ئايرىم ئۇستاملار بولۇپ، شۇلار ئاچقۇ ياساتقۇچىدىن قانچە چىشلىق دەپ سوراپ ياساپ بېرىدۇ.

كىلتانغا ئاچقۇ ياسايدىغان ئۇستام «ساۋاب» ئىزدەپ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى تۈگەپ سەل ئارىسالدى بولغان كۈنلەردە دەل-دەرەخلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاچچىق ئۆرۈك، قاغا جىگدە، يېمىش جىگدە، ئالما، ئامۇت قاتارلىق كۆز ئاچقۇ ياساشقا باب كەلگەن شاخلارنى كېسىپ، ئېگىدىغانلىرىنى ئېگىپ يىپ بىلەن چىگىپ، قېلىپقا سالىدىغانلىرىنى قېلىپتا قۇرۇتۇپ ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ.

كىلتاننىڭ ئوقىنى ئىشىك قانىتى تەرەپكە قوزغاتسا ئىشىك ئېتىلىدۇ. ئارقا تەرەپكە قوزغاتسا ئېچىلىدۇ. ئادەم ئىشىكنىڭ تېشىدا تۇرۇپ ئىشىك ئېتىدىغان ۋە ئاچىدىغان قۇرۇلما. ئۆينىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدىغان، ئادەمنى خاتىرجەم قىلىدىغان مۇنتىزىم، بىخەتەر ياغاچ قۇرۇلما. كىلتاننىڭ ياغاچ ئاچقۇسى بولۇپ ئۇنى پات-پات ياغلاپ قويۇلىدۇ.

5) كىلتاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

كىلتان ئىشىكنىڭ ئېچىلىش-يېپىلىش تامىنىڭ ئىچىگە، يەنى ئىشىك يان ياغىچىغا ماس ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. كىلتان تاق قاناتلىق ئىشىكلەرنى سىرتتا تۇرۇپ تاقاپ ئىشىكنى ئېتىدىغان ياغاچ قۇلۇپ. كىلتاننىڭ

ئاچقۇچ سېلىش تۆشۈكىگە ئۇدۇللاپ قول پاتقۇدەك
تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئۆي ئىگىسى قىپقىزىل ساپ سېغىزنى
توقماق بىلەن يۇمشاق سوقۇپ، سامانىنى ئۆتكەمدە
تاسقاپ سامانىنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىنتايىن ئۆزلۈك
لاي تەييارلاپ قولنى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ تېشىلگەن تۆ-
شۈكنىڭ تۆت گىرۋىنى ئالىقانداپ سىپىلىقلاپ سۇۋاپ،
يەنە بىر ئاز سامان ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىپ بۇرۇنقى
يەرلىك سوپۇن شەكلىدە بىر ئۇچى كىچىك، بىر ئۇچى كا-
مارغا لىق كەلگۈدەك قىلىپ ياساپ قۇرۇتۇپ تۆشۈككە
قاپلاپ قويۇلىدۇ. ئىشلەتسە ياكى ئىشلەتمىسە ھەر دائىم
قاپلاقلىق تۇرىدۇ. كىلتان قىشىغا ئادەم كەلگەن- كەلمە-
گەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆپچۆرىسى پاكىز سۈپۈرۈپ
قويۇلىدۇ.

## 2. لوك

لوك دېگىنىمىز: دېرىزە، ئىشىك قاناتلىرىنى بىر- بى-
رىگە ياكى رامغا تاقاپ يەنى تىرەپ تۇرۇپ ئېتىدىغان
تۆمۈر ياكى ياغاچ قۇرۇلما لوك دېيىلىدۇ. زامانىۋى بىنا-
لارغا ئورنىتىلغان ئەنسۇ (بىخەتەر قۇلۇپ) ئىشىك تاقاش
تىلى لوك.

ئۇ تۆمۈر ياكى قاتتىق ياغاچتىن ياسىلىدۇ. لوك
ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئىشىكنى تاقاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
لوك ھەر بىر ئۆيدە بولمىسا بولمايدىغان يەرلىك قۇلۇپ.
1949- يىلىدىن بۇيان خەلققە پايدىلىق بولغان ھۈنەر
كەسىپ قۇرۇلمىلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىندى ۋە
خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكتە. ئەكسىچە بەزى قۇرۇلمە-
لار چەكلىمىگە ئۇچراپ تەدرىجىي ئۈزلۈكىدىن يوقاپ كې-
تىۋاتىدۇ. مەسىلەن، كىلتان بېكىتىش، قاپاق ياماش كەسپى
قاتارلىقلار.

## ئىشىك تاقايدىغان ئاچماق دەم

دەم دېگىنىمىز: ئىشىك- دەرۋازىلارنى تاقاشقا ئىشلە-
تىدىغان ئاچىللىرى ئوخشاش تومۇقتا ئۆسكەن دەرەختىن
ياسالغان، بىر ئۇچى ئاچماق كالتەك دەم دېيىلىدۇ.

ئەل- ئاۋام ئارىسىدا: «ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە
قاراپ دەم»، «ئىش پەم بىلەن، ئىشىك دەم بىلەن» دەي-
دىغان ماقال- تەمسىل بار.

ئۇيغۇرلار ئۆي- بىسات مال- مۈلۈكلىرىنى بىخەتەر
ساقلاش ئۈچۈن، چوت (كەكە)، پالتا قاتارلىق ئەسۋابلار
بىلەن ئۆزلىرى ياسىۋالىدۇ. دەمنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقىنى،
توملۇقىنى ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ ياسايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىدە يوق چاغلىرىدا ئىشىكلىرىنى
قۇلۇپلاپ قويغاندىن سىرت ئۆيلىرىدە بار چاغلىرىدىمۇ
يەنى كېچىلىرى ئىشىكلىرىنى تاقاپ ئارام ئالاتتى. تاق
دېگەن مەنىدە «تەم» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغان.

## بالداق دەم

بالداق دەم دېگىنىمىز: تاقىلىدىغان ئىشىكنىڭ كەڭ-
تارلىقىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا ئۆي ئىگىسى تەرەپتىن يا-
سالغان تۈپتۈز كالتەك بالداق دەم دېيىلىدۇ. ئىشىك كە-
شەكلىرى ئورنىتىلغان تامنىڭ ئىككى يان تەرىپىنى تەخمى-
نەن 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلغان ئويۇققا، يەنى
تۆشۈككە كالتەكنىڭ ھەر ئىككى ئۇچىنى سېلىش ئارقىلىق
ئىچى تەرەپتىن ئىشىكنى تاقايدىغان دەم. ئۇ دەمنى ئۆي
ئىچىدىكى ئادەم ئاچمىسا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىش
مۇمكىن ئەمەس. ئىشىكنى ئېچىپ بولۇپ، ئىشىكنىڭ كەي-
نىگە يۆلەپ قويۇلىدۇ.

## پىچاق ئاچقۇچلۇق دەم

يۇقىرىقى ئاچماق دەمگە ئوخشاش ياسالغان تاقىلى-
دىغان ئىشىكنىڭ بالدىقىغا يېرىم چۆكۈپ تاقايدىغان
دەمنى پىچاق ئاچقۇچلۇق دەم دېيىلىدۇ.

ئۆي ئىگىسى ئىشىكنى تاقىماقچى بولسا بىر قولىدا
ئىشىكنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر قولىدا دەمنى ئىشىككە
يۆلەپ ئۆزى تېشىدا تۇرۇپ ئىشىكنى پەم بىلەن ئاستا-
ئاستا ئىشىكنى ئالدىغا تارتىپ موككىدا تاقايدۇ. ئۆي ئى-
گىسى تۆت ئەتراپقا تازا زەن قويۇپ قاراپ، ئېتىز-
ئېرىق، توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ، مېھماندارچىلىق
بازار قاتارلىق كەلدى- باردى ئىشلىرىغا خاتىرجەم ھالدا
كېتىۋېرىدۇ. ئۇ دەمنى ئۆي ئىگىسىدىن باشقا كىشى ھەر
قانچە ھەپىلەشسىمۇ ئاچالمايدۇ.

## ئىشىك ئېچىش ئۇسۇلى.

ئىشىكنىڭ تېشىدا تۇرۇپ ئىشىك شاللىرىنىڭ دەمگە
ئۇدۇل ئاراچلىرىدىن پىچاقنى سېلىپ دەمنىڭ ئۇچىغا
پىچاق ئۇچىنى تىرەپ ئىشىكنى ئالدىغا ئاستا تارتىپ
تۇرۇپ، دەمنى ئۇستىگە ئىشترسە ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئۇي-
غۇرلار ھەمىشە يېنىغا پىچاق قىسىپ يۈرىدىغان مىللەت
بولغاچقا پىچاقنى دەم ئاچقۇچ قىلىدۇ. ئەگەر پىچاق

قىسمايدىغان ئەر ياكى ئايال كىشى بولسا ئۆي ئىچىدىن بىر پىچاقنى پەيلەپ دەمنىڭ ئاچقۇچى ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئىش ئورنىغا بىللە ئېلىپ كېتىدۇ ياكى كىشىلەر زەن قويمايدىغان جايغا كۆمۈپ ئۈستىگە شاخ-شۇمبىلارنى تاشلاپ قويۇپ ئىشقا خاتىرجەم مېڭىۋېرىدۇ.

## مەخپىي يېپىلىق دەم

مەخپىي يېپىلىق دىم ئاچماق دەمنىڭ ئورنى شۇ بولۇپ، بۇ دەمنىڭ ئىشىك تاقاپ ئۇچىنى پىچاق ئىچى چۇشمەيدىغان شال ئاراچلىرى يوق جايغا ياغاچچىنىڭ رەندە كاسسىنىڭ چوڭلۇقىدا ياغاچنى داسلاپ ئىككى جايدان مۇنتىزىم مىخلانغان جالىما بالداقتا چەللەپ ياسالغان دەمنى سىلىپ ئىشكنى ئالدىغا تارتىپ تۇرۇپ تاقايدۇ، ئۇ ئىشكنى چاقسا ئېچىلىدۇ، بولمىسا ئېچىلمايدۇ.

ئېچىش ئۇسۇلى.

دەمنىڭ ئىشككە تاقالغان ئۇچىغا پىششىق يىپنى چىگىپ، بىر ئۇچىنى بىر تۆشۈك ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقىرىپ بىرەر كالتەككە چىگىپ قويۇلىدۇ. ئۇنى ھەرقانداق ئادەم ئاچالمايدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندە ئىگىسى ئۆگزىگە چىقىپ كالتەككە چىگىلىك يىپ ئۇچىدىن تارتىپ ئاچىدۇ.

بۇنىڭ تاقىلىش، ئېچىلىش ئىشلىرى مەخپىي بولىدۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىلا كىشى بىلىدۇ، بۇنى يېپىلىق دەم دەپ ئاتايدۇ.

## قۇلپا

قۇلپا دېگىنىمىز: ئىشىك، ساندۇق، جاۋەن، تارتما قاتارلىقلارنى ئېچىش، بېكىتىش ئۈچۈن مېتالدىن ئاچقۇچ سېلىپ ئاچىدىغان قىلىپ ياسالغان قۇرۇلما قۇلۇپ دېيىلىدۇ.

قۇلپا: ساندۇققا، چامادانغا، جاۋەنگە، تارتمىغا، ئىشىككە، دەرۋازىغا، ئېغىل ئىشىكىگە، سامانلىققا، ئامبارغا، ياتاققا، خۇرجۇنغا، تاغارغا، كىشەنگە ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرگە قۇلپا سېلىنىدۇ.

1949-يىلىدىن بۇرۇن فېئودالىزملىق قارا جەمئىيەتتە يىراق سەھرالاردىن هارۋىغا قېتىپ كەلگەن ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىق ھايۋانلارنى ئوغرىغا بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن نەرسە-كېرەكلىرىنى ساقلايدىغان ساراي دەڭلەرگە ئەكىرىپ باغلاپ پۇتىغا ئۇشكەل سېلىپ قۇلۇپلاپ قوياتتى. خاتىرجەم سودا-سېتىق ئىشلىرىنى قىلىۋاتتى. قۇلپا بىر ئۆيدە، كۆندىلىك تۇرمۇشتا بولمىسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم بۇيۇم.

دېمەك: ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي يازغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلق جەمئىيىتىدە قول ھۈنەرۋەنلەردىن ئىبارەت تەبىقىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

قەدىمىي ئەجدادلىرىمىز: ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ئۆزلىرى ياساپ ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يارقىن نامايەندىسى.

ياسالغان بۇيۇملارنىڭ كۆپ خىللىقى، چىداشچانلىقى، مۇنتىزىمچانلىقى، ئۆزگىچە سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ جان-مال-مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ كەلگەن.

قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى قاتارىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسەت تەپەككۇرى ئىنسانلار خاتىرجەملىك ئالاھىدىلىكىنى گۈللەندۇرۇپ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىدە ھەرقانداق ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ زوقىنى قوزغاپ، كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ قايىللىقىنى ئاشۇرماقتا.

دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك ساھەسىگە ئەڭ ياخشى پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلماقتا. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە بېھساپ يېڭى-يېڭى كەشپىياتلار مەيدانغا چىقماقتا ۋە كۈندىن-كۈنگە گۈللەنمەكتە.

ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ھەم ئەنئەنىلىكىنى ساقلاپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرى ئاستا-ئاستا يوقىلىپ كەتتى. بىر قانچىسى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

ھۈنەر تېخنىكىلارغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ «بارغانسېرى ئازلاپ كېتىش تۈپەيلىدىن بولسا بىر قىسىم ھۈنەرۋەننىڭ ئىجادىيەت ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرىنىڭ ئورنىنى زامانىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئېلىشى، يەنە بىر قىسمىنىڭ زامان ئېھتىياجىغا ماس كەلمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بولدى. شۇڭا قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىمىزنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراشقا توغرا كېلىدۇ.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پېنسىيونېرى)

# مەمەت نەۋبەت مىنىياتۇرا رەسىملىرىدىن












مەمەت تۇرسۇنىياز تەخەللۇسى نەۋبەت. خەتتات، رەسسام ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچىسى. 1983- يىلى 10- ئايدا خوتەندە تۇغۇلغان. شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى گۈزەل سەنئەت كەسپىنى پۈتتۈرگەن، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا لايىھەلەش كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ جۇڭگو مۇقاۋىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

2003- يىلى خوتەن قەغىزى ھۆسنخەت ۋە مىنىياتۇرا رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچقان. ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ئىچى سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىلەردە ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 2009- يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 7- نۆۋەتلىك مۇقاۋا لايىھەلەش مۇنبەر يىغىنىدا ئىككى پارچە ئەسىرى ئالتۇن مۇكاپاتقا، بىر پارچە ئەسىرى كۈمۈش مۇكاپاتقا بىر پارچە ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2011- يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىدە ئۇ لايىھەلىگەن مۇقاۋا جۇڭگودىكى ئەڭ چىرايلىق كىتاب مۇقاۋىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ئۇ لايىھەلىگەن كىتاب مۇقاۋىلىرى ۋاشىنگتون، ئەنگلىيە، فرانكفورت، تېھران، قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا كۆرگەزمە قىلىنغان ۋە ئەل ئىچىگە كەڭ تارالغان. ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى.




مۇكاپاتلانغان مۇقاۋا لايىھەلىرى




主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00 元

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر،
14 ـ قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040